
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال ، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2005

5



# بۇلاق

ISSN 1005 0876

10>

9 771005 087006

# 源泉(布拉克)


赫穆德·喀什噶里诞辰1000周年全国学术





ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

26-يىل نەشرى

ئومۇمىي 104-سان

## بەت بوسۇغىسى


ئەي ئوغلۇم ، مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت
ئال ، ئەدەبلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش ،
تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ ، ئەدەپ
ۋە ئىلىم ھېكمەت تارات .

ـ مەھمۇد كاشغەرى



2005 - يىللىق 5 - سان

# بۇلاق



باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

## بۇ ساندا

**ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن**

«سىدىقنامە» دىن ........................ مۇھەممەد سىدىق رەشىدى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ

**ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن**

تارىخى رەشىدى ........................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (27)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**مەشھۇر شەخسلەر**

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدە ئۆزگىچە بايان ................ ئابلا ئەھمىدى (44)

**فولكلور تەتقىقاتى**

ئۆرپ - ئادەتلەر غوۋغاسى ........................................
........................ ئەرول گۈنگۆر (65)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: يۈسۈپجان ياسىن

**بىزدىكى ئەخلاق - پەزىلەت**

تەربىيەچىلەرگە سۆز ........................ نەجىبە ئەمىن (79)

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## مەدەنىيەت تەتقىقاتى

تۇرپان قىزىل سايۋا ئۇزۇمى ھەققىدە ............... تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى (86)

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

قاراخانىيلار ئەدەبىياتى ۋە تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشى ..............
.......................................... روبېرت. دانكوف (93)
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان مۇھەممەتتۇردى نىران
نىزامى پەنجەسىگە ئورۇلغان پەنجە ..............................................
........................ مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللا نۇر، مۇھەممەت ئىبراھىمجان (96)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئەپسانە - رىۋايەتلەر ..................... توپلاپ، رەتلىگۈچى: مۇستاپا مۇھەممەت (100)

## كلاسسىك سەنئىتىمىز

ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنىڭ مىللىيلىكى ھەققىدە .............. مۇختار مەتقۇربان (106)

## ئۇچۇرلار

كاتتا تەنتەنە، بۈيۈك ئابىدە ........................... ئەخمەت مۆمىن تارىمى (110)

*          *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

*          *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: مەھمۇد كاشغەرىنىڭ پورترېتى (رەسسام: غازى ئەھمەد)

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: 2005 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەردە ئېچىلغان «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دىن كۆرۈنۈشلەر (ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)
E—mail: bulak7@Hotmail.com

# «ئامانەتنامە» دىن①

## مۇھەممەد سىددىق رەشىدى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۇگۇ

### يىگىرمە ئىككىنچى باب. ئامانەتنى ساقلىماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر كىشى ساڭا ئامانەت بەرمەكچى بولسا، ئىلاجى بار ئالمىغىن. ناۋادا ئامانەتنى ئالساڭ، ئوبدان ساقلا. دېمەكچى بولغىنىم، ئامانەتنى ساقلىماقنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچ ھالدىن خالىي بولمايدۇ:

بىرى، ئامانەتنى ساقلاش ئۈچۈن جەۋر - جاپا چېكىسەن؛ يەنە بىرى، ئىگىسى تەلەپ قىلغاندا قايتۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيسەن؛ بىرى، ئەگەر نىيىتىڭ بۇزۇلسا، ئامانەتنى ئىنكار قىلىسەن ياكى ئامانەت بىرەر سەۋەب بىلەن زايا بولسا، ئۇياتتا قالىسەن. مۇبادا ئاللاھنىڭ: «سىلەر ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇڭلار» دېگەن ئايىتى بويىچە ئامانەتنى ئىگىسىگە سالامەت يەتكۈزۈپ بېرەلمىسەڭ، ئۇ ھالدا سەن ناھايىتى ياخشى ئىش قىلغان بولىسەن.

ئادەم بولۇشنىڭ تەرىقىسى شۇكى، ئىمكان بار ئامانەتنى ئالما. ئەگەر ئالساڭ، ئوبدان ساقلاپ ئىگىسىگە سالامەت يەتكۈزۈپ بەرگىن. بۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئاڭلىغانىدىم:

بىر كىشى سەھەردە سەرراپقا بارماقچى بولۇپ ئۆيىدىن چىقتى. يولدا كېتىۋاتقاندا بىر دوستى ئۇچرىدى. ئۇ دوستىغا:

— مەن سەرراپقا كېتىۋاتىمەن. مەن بىلەن بىللە بارغان بولسىڭىز، — دېدى. دوستى ئېيتتى:

— تا سەرراپقا بارغىچە ھەمراھ بولاي، ئەمما سەرراپقا كىرمەيمەن. مېنىڭ ئىشىم بار. سەرراپقا يېقىن كەلگەندە ئىككى يول ئايرىلىشقا يەتتى. دوستى گەپ قىلمايلا يەنە بىر يولغا كىرىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا سەرراپقا كېتىۋاتقان بىر ھەييار بۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەنىدى. بۇ كىشى ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئۈچىسىغا قارىدى. ئەتراپ بەكلا قاراڭغۇ ئىدى. ھېلىقى ھەييارنى تونۇماي، دوستى دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىر ياغلىققا تۈگۈكلۈك يۈز ئالتۇن ئاقچىسى بار ئىدى. ئېلىپ بۇ ھەييارغا بەردى ۋە:

—ئەي بۇرادەر، بۇ ئامانەت مەن سەرراپتىن چىققىچە سىزدە تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى.

ئۇ ھەييار ئالتۇننى ئالدى ۋە ئالتۇننىڭ ئىگىسى سەرراپتىن چىققۇچە تەۋرەنمەي شۇ يەردە تۇردى. بۇ چاغدا ئالەم يورۇپ قالغانىدى. ئۇ كىشى كىيىملىرىنى كىيىپ سەرراپتىن چىقىپ

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ئۇدۇل ئۆيى تەرەپكە راۋان بولدى. ھېلىقى ھەييار چاقىرىپ:

— ئەي سېخىي ئادەم، ئالتۇنىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، مەن سىزنىڭ ئامانىتىڭىزنى ساقلىيالمايمەن. ئۆزۈمنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىم توختاپ قالدى، — دېدى. ئۇ كىشى سورىدى.

— نېمە ئالتۇن، سىز كىم؟

ھەييار دېدىكى:

— مەن ھەيياردۇرمەن. بۇ ئالتۇننى سەرراپتىن چىققۇچە ساقلاپ بېرىڭ، دەپ ماڭا ئامانەت بەرگەنىدىڭىز.

ئۇ كىشى دېدى:

— ئەگەر سىز ھەييار بولسىڭىز، بۇ ئالتۇننى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەتمىدىڭىز؟!

ھەييار ئېيتتى:

— ئەگەر مەن سىزدىن بۇ يۈز ئالتۇننى ھەييارلىق تەرىقىسى بىلەن ئېلىۋالغان بولسام، ھەرگىزمۇ ئەندىشە قىلماي ئېلىپ كەتكەن بولاردىم. ئەمما بۇ ئالتۇننى سىز ماڭا ئامانەت بەردىڭىز. ئامانەتنى يەۋېلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئادىمىيلىك ۋە مەرتلىك تەرىقىسىدىن يىراقتۇر.

— بەس، شۇنى بىلگىنكى، بىر ھەييار ئامانەتنىڭ ھۆرمىتىنى بۇ قاتارلىق ساقلىغان يەردە، مەلۇمكى، ئامانەتنى ساقلىماق شۇ قەدەر ئۇلۇغ ۋە خەتەرلىك ئىشتۇر. ئەگەر ئامانەت سېنىڭ قولۇڭدا ھالاك بولسا، سەن ئۇ ئامانەتنى تۆلەپ بەرسەڭمۇ خوپتۇر. ناۋادا شەيتان ئازدۇرۇپ، ئۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلماقنى خاھىش قىلساڭ ياكى تېنىۋېلىش خىيالىدا بولساڭ، تولىمۇ خاتادۇر. ئەگەر ئامانەتنى ئىگىسىگە سالامەت بەرسەڭمۇ، ئامانەت ساقلىغاننىڭ رەنج ۋە مۇشەققىتى ساڭا بولىدۇ. ئەمما ئامانەت ئىگىسى سەندىن ھېچبىر مەنپەئەتدار بولمايدۇ ۋە بۇ مال ئۆزۈمنىڭ ئىدى، ئەگەر ئۆزۈم قايتۇرۇپ ئالدىم، دەيدۇ. بەرھەق، ئەگەر كىشىنىڭ ئامانىتى سېنىڭ قولۇڭدا يوقاپ كەتسە، سەۋەب كۆرسەتسەڭمۇ ھېچ كىشى ساڭا ئىشەنمەيدۇ. گەرچە سەن خىيانەت قىلمىغان بولساڭمۇ، خەلق ئارىسىدا خىيانەت قىلغۇچى ۋە دىيانەتسىزلىك بىلەن مەشھۇر بولىسەن. جەڭگۇ - جېدەل ۋە خۇسۇمەتكە قالىسەن ھەمدە قەرزدار بولۇپ قالىسەن. ناۋادا تېنىۋالساڭ، قەرز ئىگىسى زۇلۇم ۋە سىتەم بىلەن بولسىمۇ، ئۇ ئامانەتنى سەندىن قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ھالدا سەن خىيانەت قىلغۇچى بولۇپ قالىسەن، قىيامەتنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى گەردىنىڭگە يۈكلىۋالىسەن. بۇ ئالەمدە مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن ھەم ئاخىرەتتىمۇ خۇدايتائالانىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىگە گىرىپتار بولىسەن. ئەگەر كىشىگە ئامانەت بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن گۇۋاھ (ھۆججەت) ئېلىۋال. تا ئامانەتدار «مال ئۆزۈمنىڭ» دەپ خىيانەت قىلىۋېلىشىدىن خالاس بولىسەن. ناۋادا كىشىگە ئامانەتدار بولۇشقا توغرا كەلسە، يەنى كىشىنىڭ ئامانىتىنى ساقلاش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئامانەتنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىراپ كەتمە. چۈنكى ئامانەتدارلىققا ئالدىرىماق، يەنى كىشىنىڭ ئامانىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ساقلاشقا ئالدىراش — ئۆزىگە زۇلۇم ۋە سىتەم قىلماقنىڭ نىشانىدۇر. ئىلاج بولسا، راست قەسەم ئىچمەكتىن ھەم پەرھىز قىل. يالغان قەسەم ئىچىشمۇ دۇرۇس ئەمەس. خەلق ئارىسىدا ئۆزۈڭنى قەسەمخورلۇق بىلەن مەشھۇر قىلما. ئامانەت توغرىسىدا خەلق سېنى «راست سۆزلۈك» دەپ بىلگەي.

قاچانكى، سەن زەردار ياكى پۇلدار بولساڭ، پۇل - مېلىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى كۆز- كۆز

قىلىشنىڭ كويىدا بولما. بەلكى ئۆزۈڭنى دەرۋىشلەر ۋە پېقىرلار قاتارىدا سانىغىن. يامانلار ۋە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى پېقىرلىق ۋە مۇھتاجلىقتىن ئۆزگە پايدا بەرمەيدۇ. خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ، بىرەر ھۈنەرنى كەسىپ قىل ياكى زەردارلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغىن. خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى — راست سۆزلۈك بولۇشتۇر. چۈنكى ئالەمدىكى بايلىق راست سۆزلۈك-لەر ۋە خالىس كىشىلەرگە تەۋەدۇر. ھەر دائىم تىرىش، تىرىشچانلىق كۆرسەت. ئەمما كىشىلەرگە قارىتا قىلچە ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكۈچى بولما. ئۇ ھالدا ئۆزۈڭمۇ ھىيلە - مىكىر [قىلتىقىغا] دەسسەپ قالمايسەن.

خۇسۇسەن، كىشىگە بىر نېمە بەرگەندە ۋە ئالغاندا ھەر دائىم راست سۆزلۈك بولۇشقا ئادەتلەن!

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب. قۇل ۋە دېدەك ئالماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر قۇل (خىزمەتكار) ئالماقچى بولساڭ، ئاگاھ بولغىنكى، ئادەم (خىزمەتكار) نىڭ خاراكتېرىنى بىلمەك ناھايىتىمۇ مۈشكۈلدۇر. تولا بەندە (خىزمەتكار) باردۇر-كى، قارىماققا ياخشى كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئىنچىكىلەپ، دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرسەڭ، ئەكسىچە.

كىشىلەرگە مەلۇمكى، بەندە (خىزمەتكار) ئالماق ئۆزگىچە سودىگەرلىكتۇر. ئەمما تولىسى بىلمەي، تونىماي ئالىدۇ. بىراق بۇ ئەيىب سانالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ماتا (رەخت) ئەمەس. ناۋادا ماتانى تونۇماي (ياخشى ياكى ناچىرىنى پەرق ئەتمەي) سېتىۋالغان بولسا، بۇ — ئەيىبتۇر. شۇڭا ھەممىدىن مۈشكۈلراقى ئادەمنى تونۇشتۇر. چۈنكى ئادەمنىڭ ھۈنىرى ۋە ئەيىبى تولىدۇر. بىر ئەيىب مىڭ ھۈنەرنى ياپىدۇ، بىر ھۈنەر مىڭ ئەيىبنى (ياپىدۇ)، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟! ئەمما ئادەملەرنى ھامان پاراسەت ۋە تەجرىبە ئىلمى ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. پاراسەت ئىلمىنىڭ تامامى ۋە كامىلى پەيغەمبەرلىك ئىلمىدۇر. ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ ئىچكى قىياپىتىنى بىلىش ھەر كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەرلەرلا بۇنى پاراسەت بىلەن بىلەلەيدۇ. مەن ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە، چامىمنىڭ يېتىشىمچە بەندە (خىزمەتكار) ئېلىشنىڭ يوللىرىنى ساڭا بايان قىلاي.

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، بەندە (خىزمەتكار) ئېلىشنىڭ ئۈچ شەرتى باردۇر:

بىرىنچى، ئادەمنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەيىب ۋە ھۈنىرىنى پاراسەت بىلەن تونىماق؛

ئىككىنچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئاغرىقىنى پاراسەت بىلەن بىلمەك؛

ئۈچىنچى، قوۋمىنى چۈشەنمەك. چۈنكى ھەر قوۋمنىڭ ئەيىب ۋە ھۈنىرى ئۆزگىچە بولىدۇ. شۇڭا بەندە (خىزمەتكار) ئالماقچى بولساڭ، ياخشى كۈزەت. بەندە (خىزمەتكار) ئالماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى چىرايىغا قارايدۇ، بەدىنىگە ۋە تۇرقىغا قارىمايدۇ؛ بەزىلىرى تۇرقىغا ۋە مۈسكۈللىرىغا قارايدۇ. ئومۇمەن، ھەر قانداق كىشى بەندە (خىزمەتكار) ئالماقچى بولسا، ئاۋۋال يۈزىگە قارىغاي، ئاندىن كېيىن قوللىرى ۋە پۇتلىرىغا قارىغاي. [ئالماقچى بولغان خىزمەتكارنىڭ] ئالدى بىلەن خۇش چىراي بولسۇن. چۈنكى ئاۋۋال كۆرۈنىدىغىنى كىشىنىڭ يۈزىدۇر. ئاندىن

كۆزىگە ۋە قاشلىرىغا قارىغىن. ئاندىن بۇرنى، لېۋى ۋە چىشلىرىغا، ئاندىن چېچىغا كۆز سالغىن. خۇدايىتائالا ئادەمنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز بىلەن قاش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. پاكىزلىقنى تېرىسى بىلەن يۈزىدە نامايان قىلغان. چېچىنى بولسا، ھەممىدىن زىننەتلىك ۋە يارىشىملىق قىلىپ ياراتقان. شۇڭا ھەممە تەرەپتىن كۆزەتكىن. كۆز ۋە قاش جايىدا بولسا، بۇرنى قاملاشقان، لېۋى ۋە چىشلىرى گۈزەل (يېقىملىق)، تېرىلىرى جەلپ قىلارلىق (سۈزۈك) بولسىلا، باشقا جەھەتـ لەردە ئىنچىكىلەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. تۆرقى كۆرۈمسىز، ئەمما باشقا جەھەتتىن، يەنى مىجەزـ خۇلقىنىڭ ياخشى بولغىنىغا قارىغاندا، تۆرقىنىڭ گۈزەل ۋە يېقىملىق بولغىنى ھەممىدىن مۇھىم. ئاندىن خىزمەتكارنىڭ ھەربىر ئىشنى، ھال ـ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىشىڭ كېرەك. بۇلاردىن باشقا يەنە [بويىنىڭ] ئېگىز ـ پاكارلىقى، سېمىز ـ ئورۇقلۇقى؛ [رەڭگىنىڭ] ئاق ياكى قىزىل، سېرىق ياكى قارىلىقى قاتارلىقلار. ئومۇمەن، بارلىق سۈپەتلىرى مۇۋاپىق، يەنى ئوتتۇرا ھال بولغىنى تۈزۈك. يەنە بەدىنىنىڭ گۆشلىرى يۇمشاق، تېرىسى نېپىز، ئۇستىخانلىرى رۇس (تۈز) ۋە باراۋەر بولغاي. چېچى ھەددىدىن زىيادە قارا بولمىسۇن. كىرپىكلىرى قارا، شەھلا كۆز، قاشلىرى توم، بۇرنى ئىلپەتەك، بېلى ئىنچىكە، ساغرىسى كەڭ، مەڭزى زىناقلىق، لېۋى قىزىل، چىشلىرى ئاق — ھەممە ئەزالىرى ئۆز جايىدا بولغاي. ھەر قانداق غۇلام شۇ سۈپەتتە بولسا، ئوبدان، زىبا ۋە ۋاپادار كېلىدۇ.

تۈز قامەت، چېچى مۇۋاپىق، سېمىز ۋە ئورۇقلۇقى نورمال، ئالقانلىرى ئازادە، ئۇششاق قوللىرى (بارماقلىرى) نىڭ ئارىلىقى كۆشادە، پىشانىسى كەڭ، شەھلا كۆز، كەم كۈلكە بولۇش — دانا ۋە ئەقىللىق بەندىلەرنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق ئادەملەرگە ئىلىم ئۆگىتىش ۋە خەزىنىچىلىك ئىشلىرىنى تاپشۇرۇش لايىق ھەم ھەرقانداق ئىشقا قويساق مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بەندىچىلىككە لايىق ۋە سازاۋەردۇر. ئەمما گۆشلىرى يىرىك، ئۇششاق قوللىرى (بارماقلىرى) ئىنچىكە، يۈزى گۆشلۈك ئادەملەردىن ئېھتىيات قىلغىن. بۇنداق ئادەملەر ھېچ نەرسە ئۆگىنەلمەيـ دۇ. ئالقىنى يۇمشاق، ئۇششاق قوللىرى (بارماقلىرى) نىڭ ئارىلىقى كەڭ، چىرايى ئوچۇق (مەرى ئىسسىق)، تېرىسى قېلىن، چېچى مۇۋاپىق — ئۇزۇن ھەم ئەمەس، قىسقا ھەم ئەمەس، قىزىلمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، شەھلا كۆز، تاپانلىرى باراۋەر ئادەملەر ھەرقانداق مۇشكۈل ھۈنەرنىمۇ ئاسان ئۆگىنىۋالالايدۇ. خۇشسەن، نەغمىسازلىقنى ئوبدان ئۆگىنەلەيدۇ.

چېچى يىرىك، بويى ئېگىز، بەستلىك، قولىقى قاتتىق؛ ئۇششاق قوللىرى يوغان ۋە ئۇستىخانلىق، تېرىسى يىرىك، ئۇستىخانلىرىنىڭ ئۇگىلىرى مەھكەم، تومۇر ۋە پەيلىرى بەدىنىدە بىلىنىپ تۇرغان، دولىسى ۋە پىشانىسى كەڭ، گەردىنى يوغان، بېشى ئوتتۇرا ھال، قورسىقى ھەم ئوتتۇرا ھال، كۆزلىرى قارا بولۇش — باھادىرلىققا لايىق بەندىلەرنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ھەرقانداق بەندە مۇشۇ سۈپەتتە بولسا، باھادىرلىقى كۈندىن كۈنگە زىيادە بولىدۇ.

رەڭگى قارىغا مايىل، چىرايى ئادەتتىكىچە، بەدخۇي، تاپىنى نېپىز، ئاۋازى ئىنچىكە، لەۋلىرى قېلىن، ئۇششاق قوللىرى (بارماقلىرى) قىسقا، قەددى ئەگرى، بويى زىلۋا كەلگەن بەندىلەر خوتۇنلار ئارىسىدا — ئۆي ئىچىدە خىزمەت قىلىشقا لايىقتۇر. ئەمما، بەدىنى ئاق ۋە يۈزى قىزىل بولمىسۇن، چېچى قىزىل ۋە ئۇزۇن بەندىدىن ئېھتىيات قىلغىن.

قاشلىرى كەڭ، كۆزلىرى چوڭ، قوپال، كۆزىنىڭ قارىسى كۆك، ئېقى قىزىل، لېۋى قېلىن، چىشلىرى ئۇزۇن، ئاغزى چوڭ بولۇش — تۆگە ۋە ئات بېقىشقا لايىق بەندىلەرنىڭ

ئالامىتىدۇر. بۇ سۈپەتتىكى ئادەملەر تولىمۇ بىھايا ۋە قورقۇمسىز، بىئەدەپ ۋە غەۋغاچى كېلىدۇ.

چىرايى پاكىز، تۇرقى كېلىشكەن، يۈزى يۇمۇلاق، قوللىرى ئىنچىكە ۋە شەھلا كۆز، كۆزلىرى كۆككە يېقىنراق، قامەتلىك، جىمغۇر، چېچى قىزىل بولۇش — يۇگۇر - يېتىم ئىشلارغا، ئاشپەزلىككە لايىق بەندىلەرنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بۇ سۈپەتتىكى ئادەملەر يۇگۇر - يېتىم ئىشلارغا ۋە ئاشپەزلىككە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

شۇنى بىلگىنكى، بەندە نەچچە قوۋمگە تەئەللۇقتۇر. ھەرقوۋمنىڭ ئەيىبى ۋە ھۈنىرى باشقا - باشقىدۇر. ھەر قوۋمنىڭ تەبىئىتى ۋە پاراستى بۆلەكتۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن ياخشىراقى قىرغىز ۋە قىپچاقتۇر. ھەممىدىن خۇشخۇي ۋە پەرمانبەردارراقى تىبەتلەردۇر. ھەممىدىن باھادىر ۋە شىجائەتلىكراقى تاغلىقلاردۇر. ئەمما ھەربىر قوۋم ئۆز زاتىدا ئوبداندۇر. تۈركلەردە شۇنداق بىر خاراكتېر باركى، ياخشىغا ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى، يامانغا ئادەتتىن تاشقىرى ياماندۇر. تۈركلەرنىڭ تولاراق ئەيىبلىرى شۇكى، ئاچچىقى يامان، قارام، تەكەببۇر، قوپال، كېچىدە قورقۇنچاق، كۈندۈزدە باھادىر؛ ئەمما مەرت، بىر سۆزلۈك، قارنى (كۆڭلى - كۆكسى) كەڭ، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك. شۇڭا ھەرقانداق ئىشنى تاپشۇرۇشقا بۇلاردىن باشقا تائىپە بولمىسا كېرەك. لېكىن كىشىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش، كېچىسى يۈرەكلىك ۋە تېتىكلىك، خوجىسىغا سادىق بولۇش جەھەتتە تۈركلەرگە قارىغاندا رۇمىيلار ياخشىراقتۇر. چۈنكى ئۇلار تولىمۇ رايىش ۋە نازۇك كېلىدۇ ......

ئۈچىنچى شەرت شۇكى، خىزمەتكارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاغرىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇش. ئاغرىقنىڭ ئالامەت ۋە نىشانلىرىنى بىلىش. ئۇنىڭ ئالامەت ۋە نىشانىسى شۇكى، سېتىۋالدىغان ۋاقىتىڭدا ئېسىڭدىن چىقارما. بىر كۆرۈش بىلەن قىزىقىپ كەتمە. تۇنجى كۆرگەندە تولىمۇ ياخشى كۆرۈنگىنى بىلەن كېيىنچە يامان كۆرۈنىشى مۇمكىن. دەسلەپ يامان كۆرۈنگىنى كېيىنچە ئوبدان كۆرۈنىشى مۇمكىن. چۈنكى ئادەملەرنىڭ چىرايى دائىم بىر ھال بولۇۋەرمەيدۇ. گاھى ئوبدان كۆرۈنىدۇ ۋە گاھى يامان كۆرۈنىدۇ. دىدەكلەرنىڭ تۇرقىغا ياخشى ۋە دىققەت بىلەن قارا. ھال - ئەھۋالى ساڭا مەخپىي قالمىغاي. دىدەكلەر ئاغرىقى بولسىمۇ ئاسان ئاشكارا قىلمايدۇ. ئەمما ئاغرىق ئالامىتى نەچچە كۈندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى:

چىرايىنىڭ رەڭگىدە ئازغىنە سېرىقلىق بولۇپ، لەۋلىرى ئۇچۇق ۋە كۆزلىرى سۇس كۆرۈنسە، بۇ ئەسىر (تۇتقاقلىق) ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. ئەگەر كۆزىنىڭ قاپاقلىرىدا ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى مەلۇم بولسا، بۇ قورسىقىغا سۇ يىغىۋېلىش كېسىلىدىن بېشارەتتۇر. كۆزلىرى قىزىل، پېشانە تومۇرلىرى توق ۋە كۆپ بولسا، بۇ دەرۇ (خۇدىنى يوقىتىش، ئاسان ھوشىدىن كېتىش) ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. چېچىنى يۇلغان، كىرپىكىنى مىدىرلاتقان ۋە لەۋلىرىنى تولا يالىغان بولسا، بۇ مالىخوليا (سەۋدايىلىق، روھىي كېسەللىك) ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. بۇرۇننىڭ ئۈستىخىنى قىڭغىر ۋە قوتۇر بولسا، تەكشى بولمىسا، بۇمۇ ئەسىر ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. بەدىنىدە يارا ياكى داغنىڭ ئىزنالىرى بولسا، ياخشى تەكشۈرۈپ باق. پىسە ئاغرىقى بولۇپ قالمىسۇن. چىرايى غەيرى، كۆزى سېرىق بولسا، بۇ يەر قان (جىگەر) ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. ۋاقىتىكى، بۇ پىنھان (يوشۇرۇن) ئاغرىقلىرىنى بىلگەن بولساڭ، ئەمدى ئاشكارا ئاغرىقنى تەكشۈرۈپ كۆر:

ئەگەر ئاغزى سېسىق (پۇرايدىغان)، بۇرنى ۋە قۇلىقى ئېغىر بولسا، يەنى بۇرنىنىڭ پۇراش

سىرىمى يوق، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، سۆزى ئېنىق ئەمەس، يولنىڭ ھەر تەرىپىگە چىقىپ ماڭىدىغان ياكى ئىغاڭلاپ ماڭىدىغان، تىزى ۋە ئۇششۇقى يوغان، چىشلىرىنىڭ تۆۋى قاتتىق بولسا، بۇنداق ئادەملەرنى خىزمەتكارلىققا ئېلىشتىن ھەزەر ئەيلە. ئومۇمەن، دېمەك ئالماقچى بولساڭ، تەقۋادار كەلگىنىنى ئال. ئاۋۋال نەپسىڭ خاھىشىغا تەسكىن بەر. ئاندىن كېنىزەك ئېلىشقا مەشغۇل بول. بىرەر يۇرتتا ئىززەتلىك بولغان بەندىنى ئالما. ئەگەرچە سەن ئۇنى ئەزىز تۇتساڭمۇ، ئۇ سەندىن مىننەتدار بولمايدۇ. چۈنكى باشقا بىر يەردە دائىم ئۆزىنى ئەزىز تۇتىدىغان كىشى سەن ئەزىز كۆرگەننى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. ناۋادا تۆۋەن كۆرسەڭ، يەنى ئەزىز تۇتمىساڭ، قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. غۇلام، دېدەكنى شۇنداق يەردىن ئالغىنكى، ئۇ ئۆي - ئۆيلەردە خار ۋە مۇشەققەت ئىچىدە يۇرگەن بولسۇن. تا سەندىن كىچىككىنە ياخشىلىق كۆرسە، تولا مىننەتدار بولۇپ، سېنى دوست تۇتقاي! گاھى - گاھىدا خىزمەتكارىڭغا بىرەر نەرسە بېرىشتىن ئايانما. دائىم پۇلغا مۇھتاج بولۇپ يۇرمىسۇن. بولمىسا، زۆرۈرىيەتتىن پۇل تىلەش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ كېتىدۇ. بەندە (خىزمەتكار) ئالماقچى بولساڭ، ئىمكان بار قىممەترەكىنى ئال. ھەر كىشىنىڭ قىممىتى ئۆز جەۋھىرىگە بېقىپ مەلۇم بولىدۇ. ئەمما تولا كىشىگە سېتىلغان، يەنى تولا خوجايىن كۆرگەن بەندىنى، تولا ئەرگە تەگكەن خوتۇننى كىشىلەر ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. بىر يەردە مۇقىم تۇرۇپ ئىشلەشنى خالايدىغانلىرىنى ئال. مەن دېگەن بىر خىزمەتكار، خالىغاندا مېنى باشقا بىرىگە بېرىۋېتىدۇ، دەپ كۆڭۈل توختاتمايدىغان، گۇمانخور كەلگەنلىرىنى كۆڭلۈڭنى ئەنسىرەتمەي ۋاقتىدا يولىغا سېلىپ قوي. تالاق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان خوتۇن ۋە سېتىلماقنى خىيال قىلىدىغان بەندە بىلەن كۆڭۈل خوشلۇقى ئىزدىمە. ئەگەر خىزمەتكارىڭ قەستەن ھورۇنلۇق قىلسا، ياكى خىزمەتتە نۇقسان سادىر قىلسا، ئۇنى زورلۇق ۋە زۇلۇم بىلەن ئوبدان بولۇشقا قىستىما. ھېچ ۋاقىتتا ياخشى بولمايدۇ، بەلكى كۈندىن كۈنگە قىتاللىشىپ كېتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنداقلارنى دەرھال ئىشتىن بوشات. ئۇخلاپ قالغان كىشىنى بىر ئاۋاز بىلەن ئويغاتقىلى بولىدۇ. ئەمما بەدىنى ۋە كۆڭلى ئۆلۈك كىشىنى يۈزمىڭ نەرە تارتىپ، ناغرا چالغان بىلەنمۇ ئويغاتقىلى بولمايدۇ. خىزمەتكە ۋە ئىشقا يارىمايدىغانلارنى قېشىڭغا يىغىۋالما. خىزمەتكارلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بول. قاتتىقلىق قىلما. چىدىماي قېچىپ كەتمىسۇن، مۇكاپىتىمۇ، جازاسىمۇ لايىقىدا بولسۇن. ياخشى بىر كىشىنىڭ ئىشى ناچار ئىككى كىشىنىڭ ئىشىدىن ئوبدانراقتۇر. بەندىلەر (خىزمەتكارلار) ۋە كېنىزەكلىرىڭنى ئۆي ئىچىدە ياخشى باشقۇر. ئۇلار بىرى بىرىنى ئاغا - ئىنى ۋە ئىگىچە - سىڭلىدەك بىلىشكەي. تىنچلىق ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. مەيلى خىزمەتكار، مەيلى باشقىلار بولسۇن، چامىسى يەتكۈدەك ئىشقا ھال. بۇيۇنتاۋلىق يۈز بەرمىسۇن. ئۆزۈڭنى ئىنساپ بىلەن زىننەتلە. زۇلۇم - سىتەم قىلغۇچىلاردىن بولما. خىزمەتكارلار ئۆز خوجايىنىنى ئاتا - ئانىسى ۋە بۇرادىرى ئورنىدا كۆرىدىغان بولسۇن. تولا قامچا - تاياق يېگەن بەندىنى ھەم ئالما. ئۇلار قورقۇنچاق كېلىدۇ. خىزمەتكارىڭ گەرچە ئەيىبى بولمىسىمۇ، ئىشلەشنى خالىمىسا، ئۇنداقلارغا ھەم كۆڭۈل باغلىما. ئىشتىن بوشىتىپ ئورنىغا يەنە بىرىنى قوبۇل قىل!

## يىگىرمە تۆتىنچى باب. يەر ۋە ھويلا ئالماقنىڭ بايانى[1]

— ئەي ئوغۇل، قاچانكى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئىمارەت ئېلىشنى خىيال قىلغان بولساڭ، ئەقىل بىلەن ئىش قىل. ساتماق ۋە ئالماقنىڭ پەيتىنى غەنىمەت بىل، يەنى [ئۆي - جاي] كاساتلاشقاندا

① مۇندەرىجىدە «يەر - سۇ، ھويلا ئالماقنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

— نەرقى چۈشكەندە سېتىۋال. ناۋادا ساتماقچى بولساڭ، نەرقى ئۆرلىگەندە ۋە خېرىدارى كۆپەيگەندە سات. سودا ئىشىدا پايدا – مەنپەئەت ئېلىشنى ئەيىب كۆرمە. بىرەر نەرسە ئېلىش خىيالىدا سودا قىلساڭ، پۇختا بول. سودىدىكى پۇختىلىق يېرىم تىجارەتتۇر. ئەمما سېتىۋالماقچى بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ پايدا – زىيىنىنى چاغلاپ ئال. ئەگەر نامراتلىشىپ كەتمەي دېسەڭ، سودىدىن كىرگەن پايدا بىلەن سودا قىل. ئەسلى پۇلۇڭغا زىيان بولمىسۇن، يەنى دەسمايەڭدىن ئايرىلىپ قالماي دېسەڭ، زىيان تارتىش ئېھتىماللىقى بولغان سودىدىن پەرھىز قىل. بەك كۆپ پايدا ئېلىش، بىراقلا باي بولۇش ئارزۇسىدىمۇ بولما. بايمۇ بولۇپ كەتمەي، كەمبەغەلمۇ بولۇپ قالماي، يەنى مۇۋاپىق كۈن كەچۈرەي دېسەڭ، كىشىنىڭ مېلىغا (بايلىقىغا) ھەسەت قىلما ۋە كىشىنىڭ بايلىقىغا ئېرىشىش خىيالىدىمۇ بولما. ھەممە ئىشتا سەۋر قىلغۇچىلاردىن بول. سەۋر – تاقەت ئەقىللىقنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراش، يەنى ئالدىراقسانلىق قىلىش ياكى بىراقلا ئۆزىنى تاشلىۋېتىشنى جاھىللىق دەپ بىلگىن. ناۋادا قىلماقچى بولغان ئىش سەن ئۈچۈن تازا ئېنىق بولمىسا ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ توختاپ قالسا، ئاۋۋالقى ھالىڭغا قايتىپ ئىشىڭ يۈرۈشكىچە سەۋر قىلىپ تۇرغىن. ئالدىراقسانلىق قىلساڭ، ھېچ ئىش ئىزىغا چۈشمەيدۇ.

ئالماق – ساتماق، يەنى سودا ئىشى توغرىسىدا شۇنچىلىك سۆزلەي.

قاچانكى يەر – جاي، ھويلا ئالماقچى بولساڭ، چوقۇم تىنچ ۋە ياخشى كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىن ئال. شەھەرنىڭ ئەتراپىدىن ھويلا ئالمىغىن. شەھەرگە كىرىدىغان يول ئۈستىدىنمۇ ئالما. شۇنىڭدەك ئەرزان بىلىپ، يەنى نەرقى ئەرزانكەن دەپ ۋەيرانە ئىمارەتنىمۇ ئالما ھەم قوشنىلارغىمۇ دىققەت قىل. كىمدۇر بىرى: «قوشنا كۆرۈپ ئۆي ئال» دېگەنىكەن. بۇزۇر جۇمھۇر: «تۆت نەرسە ئىنسانغا زور بالادۇر» دەيدۇ:

بىرى، يامان قوشنا؛ ئىككىنچى، سېنىڭ ھال – ئەھۋالىڭدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان، يەنى سېنىڭ ماڭغان – تۇرغىنىڭنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كىشى؛ ئۈچىنچى، كۆپ خوتۇن، تۆتىنچى، ھەسەتخورلۇق.

ئىمكان بار ئەمەلدار – خوجىلار ۋە ئۆلىمالارغا قوشنا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان جايدىنمۇ ھويلا ئالما. چۈنكى قوشنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماق تولىمۇ مۈشكۈلدۇر. شۇنداق يەردىن ھويلا ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقىنىكى، ئۇ مەھەللىدە سەندىن باياراق كىشى بولمىسۇن. ئەمما يەنىلا ياخشى قوشنىلارنى ئىزدە ۋە مەھەللە خەلقى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئۆت. ئاغرىپ قالغان بولسا، بېرىپ يوقلا. مۇسىبەت يەتكەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن جىنازا نامىزىغا بار. قوشنىلىرىڭنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەش. شادلىقىغا شادلان، چامىڭنىڭ يېتىشىچە ھەدىيە (سوۋغا) ئەۋەت. ياش – گۆدەكلەرگە مېھرىبانلىق كۆرسەت. قېرىلارنى ئىززەتلە؛ مەھەللىنىڭ مەسچىتىگە بېرىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇ. رامزان ئايلىرىدا مەسچىتكە شام – چىراق قاتارلىق لازىملىقلارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما. ئەلۋەتتە، شۇندىلا شۇ مەھەللىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولالايسەن.

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆز ئىشىم دەپ بىل. چۈنكى كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇ كىشى ھەمىشە ياخشىلىقىڭنى قايتۇرۇشنىڭ، يەنى ساڭا ھەم ياخشىلىق قىلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئەگەر يامانلىق قىلساڭ، دائىم ساڭا يامانلىق قىلىشنىڭ، يەنى پۇرسەت تېپىپ سېنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىشنىڭ كويىدا پېيىڭدا بولىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىڭ-

مۇ، يامانلىقىڭمۇ ھامان ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزۈڭگە قايتىدۇ. شۇڭا قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلما. دېمەسلىككە تېگىشلىك بولغان سۆزنى دېمە. باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىل. باشقىلار كۆزلىيەلمىگەن ئىشلارنى كۆزلە. ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە، ھاۋاسى، سۈيى مۇۋاپىق بولغان چوڭ شەھەرلەردە بولغىن. ئالغان ھويلاڭنىڭ تېمى ئۆزگە ھويلىلارنىڭ تېمىدىن ئېگىز بولسۇن. تا غەيرىنىڭ نەزىرى سېنىڭ ھۇجراڭغا چۈشمىگەي. سەن ھەم باشقىلارنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ رەنج يەتكۈزۈشتىن يىراق بول. يەر ئالماقچى بولساڭمۇ قوشنىسىغا قارا. ھەرقانداق نەرسىنى يىلنىڭ مولچىلىق، پاراۋان ۋە كەڭرى ۋاقتىدا ئالغىن. ھەم تەكشۈرۈپ ۋارىسلار ئارىسىدا تەقسىماتى ئېنىق بولغان جاينى سېتىۋال. ئالغان يېرىڭنىڭ ئىگىدارلىقى شۈبھىسىز بولسۇن.

ئالغان ئىمارىتىڭنى دائىم تۈزەپ، ياخشىلاپ تۇرۇشنىڭ كويىدا بول ۋە ھەرقاچان يېڭىلاشقا تىرىش. شۇندىلا ئىمارىتىڭنىڭ قىممىتى ئېشىپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆي - جاي- ئىمارەت ئەھيا قىلىشتىن باش تارتما. ياسىغان ئۆي - جاي ئىمارىتىڭ ئارقىلىقمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەت تاپالايسەن. ئەمما ياسىغان ئىمارىتىڭنىڭ ھوسۇللى بولسۇن، ھوسۇللى بولمىغان، يەنى ۋەيرانە ئىمارەت گويا چۆل - باياۋانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى دېھقاننىڭ قەدىر - قىممىتى يەر - سۇ بىلەندۇر. يەرنىڭ قىممىتى ھوسۇل بىلەندۇر. ھوسۇل، ئىمارەت، يەنى مېھنەت قىلمىغۇچە ھاسىل بولماس!

## يىگىرمە بەشىنچى باب. ئات ئالماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ئات ئالماقچى بولساڭ، ھۇشيار بول ئالدىنىپ قالما، ئادەمنىڭ ۋە ئاتنىڭ ماھىيىتى ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئوبدان كىشى ئۈچۈن ئوبدان ئات ئېلىش راۋادۇر. ھۆكۈمالار: «جاھان ئادەم بىلەن بەرپادۇر، ئادەم ھايۋان بىلەن بەرپادۇر.» دېگەن. ھايۋانلار ئىچىدە ھەممىدىن ياخشىسى ئاتتۇر. ئات ئالماق ھەم نام - ئەمەل يۈزىسىدىن ئېيتقاندىمۇ مۇرۇۋۋەتتۇر. يەنە «ئېتىڭ لىباسىڭ ياخشى بولسۇن، تا ئېتىڭ ۋە لىباسىڭ سېنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلغاي» دېگەن گەپمۇ بار. ئاتنىڭ ياخشى ۋە ناچىرىنى پەرق قىلماق ئادەمنىڭ ياخشى ۋە ناچىرىنى پەرق قىلماقتىنمۇ مۇشكۈلراقتۇر.

ئادەمنىڭ ياخشىسى سۆز - ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولىدۇ؛ ئاتنىڭ ياخشىسى تۇرقىدىن، يەنى كۆرۈنۈشىدىنلا مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر ئاتنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ، سۈرىتىگە، يەنى تۇرقىغا قارا، چۈنكى ياخشى ئات تۇرقىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇ. ياخشى ئاتنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. ناچار ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى، يەنى تۇرقىمۇ ناچار بولىدۇ.

ياخشى ئات - چىشلىرى زىچ، چىڭ، بويى - بەستى زىلۋاراق كېلىدۇ؛ ئاستىنقى لېۋى (كالپۇكى) ئۈستۈنكى لېۋىدىن ئۇزۇن بولىدۇ؛ قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋى يۇمشاق، قۇلاقلىرى ئۇزۇن، ئۇچى ئىنچىكە؛ ئىككى ئىڭىكىنىڭ ئارىسى كەڭ، تۇكى پەس (قىسقا)، تۇۋاقلىرى ئېگىز (توم) ۋە يۇمىلاق، كۆزلىرى قارا، بېقىنى تار، كۆكسى (كۆكرىكى)، پۇت - قوللىرىنىڭ ئارىلىقى كەڭ، قۇيرۇقى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە، قورسىقى ۋە كىرپىكلىرى قارا بولىدۇ؛ يول يۈرگەندە ھۇشيار، بويى ئېگىز، ساغرىسى كەڭ ۋە يۇمىلاق، تۇۋىقىنىڭ ئاستى كەڭ، يېنىنىڭ ئىچى

تەرىپى گۆشلۈك بولىدۇ. ۋاقتىكى، ئۈستىگە مىنگەن كىشىنىڭ ھەرىكىتىنى تۇيۇپ تۇرىدۇ.

ئاتتا بولىدىغان ھەربىر ھۈنەرلەرنى بايان قىلدىم. ئەمدى رەڭ - كۆرۈنۈش جەھەتتە ھەممىدىن كۆركەمراقى قارا تورۇق ئاتتۇر. بۇنداق ئات ئىسسىق ۋە سوغۇققا چىداملىق، جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق كېلىدۇ. ئەگەر قورسىقى ۋە ئىككى يېنىنىڭ ئارىسى، كۆتلۈكى، قۇيرۇقى، پايچىسى (پاچىقى)، پىشانىسى قارا بولسا، تېخىمۇ ئوبداندۇر.

تۈكلىرى توق سېرىق، پىشانىسى، قۇيرۇقى، قورسىقى، كۆتلۈكى، كۆزى ۋە لېۋى (كالپۇكى) قارا كەلگەن شىرغا (شىرغا ئات) ھەم ياخشى ئات ھېسابلىنىدۇ.

بوز ئاتمۇ شىرغا ئاتتىن قېلىشمايدۇ. ئاتنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا، بىر خىل رەڭدە بولسۇن، خالدار (ئالا - چىپار) بولۇپ قالمىسۇن؛ رەڭگى قارا بولسا، توق قارا بولسۇن؛ كۆزى قىزىل بولۇپ قالمىسۇن، چۈنكى كۆزى قىزىل ئات دىۋانە ۋە ئەيىبلىك كېلىدۇ.

ئاتنىڭ ئەڭ ناچىرى خالدار (ئالا - چىپار) ئاتتۇر. [خالدار ئات] ناھايىتىمۇ بەدخۇي بولىدۇ.

قاچانكى، ئاتنىڭ ھۈنەرلىرىنى، يەنى ئاتنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىدىكى تۈرلۈك - سۈرەتلىرىنى بىلگەن بولساڭ، ئەمدى ئەيىبلىرىنى بىلىشىڭ ھەم زۆرۈردۇر.

ھەرقانداق ئەيىب ۋە ئىللەتنىڭ بىر ئالامىتى بولىدۇ. [ئەيىب ۋە ئىللەتنى] شۇ خىل ئالامەت بىلەن بىلگىلى بولىدۇ.

— بىلگىنكى، بىر ئەيىب شۇكى، گۆڭ، يەنى گاچا. گاچا ئاتنى ھەر قانداق ئادەم ناھايىتىمۇ كەم باھا ھېسابلايدۇ. گاچا ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاۋاز چىقارمايدۇ. ھەم كىشنىمەيدۇ.

شەبكور (نامازشام قارىغۇسى)، يەنى كېچە قارىغۇسى ئات تېخىمۇ ناچاردۇر. شەبكور، يەنى سوقۇر (كېچە قارىغۇسى) ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، كېچىدە باشقا ئاتلار ھۈركىگەن نەرسىدىن ھۈركىمەيدۇ. يۈرگىلى بولمايدىغان يولغا دىۋىتىسمۇ يۈرۈۋېرىدۇ.

ساغرۇ (پاڭ)، يەنى قۇلىقى ئېغىر ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، دائىم قۇلىقىنى سىلىپ ماڭىدۇ. باشقا ئاتلار كىشنىسىمۇ ئۈن چىقارمايدۇ.

بېشىدا پۈپۈكى بولغان ياكى يالى ئۇزۇن كەلگەن ئات ئاجىز بولىدۇ. ئالامىتى شۇكى، ئۇنى يېتىلەپ ئىشىك ياكى دەرۋازا بوسۇغىسىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولسا، ئاۋۋال چەپ ئايىغىنى ئىلگىرى باسىدۇ.

يەنە روزكور (كۈندۈزى كۆرمەيدىغان) ئاتمۇ ناچار ئات قاتارىغا كىرىدۇ. ئالامىتى شۇكى، بۇنداق ئاتنىڭ كۆزىنىڭ رەڭگى قارىماققا قارا بولسىمۇ، يېشىل كۆرۈنىدۇ. ھەمىشە كۆزىنى ئوچۇق تۇتىدۇ. كىرپىكىنى مىدىرلاتمايدۇ. بۇ ئەيىبتۇر. ئەگەر بۇ خىل ئالامەت بىر كۆزىدىلا بولۇپ، يەنە بىر كۆزىدە بولمىسا، ئەيىب ھېسابلانمايدۇ.

ئاڭلىشىمچە، بىر پۇتى ئاق، توغرىسىراقى چەپ پۇتى ئاق ئات شۇم ھېسابلىنىدىكەن. ئەگەر چەپ پۇتى ۋە چەپ قولى ئاق بولسا، ناھايىتىمۇ شۇم دەپ قارىلىدىكەن.

يەنە كۆزى ئاق، بوينى تۈز كەلگەن ئاتمۇ ناچار ئات تۈرىگە مەنسۇپ. بوينى تۈز كەلگەن ئاتنى پارس تىلىدا «تەختەگەردەن» دەيدۇ. ئىككى پۇتى كاج، يەنى مايماق كەلگەن ئاتمۇ ناچار ئات بولۇپ، بۇنداق ئاتنى پارس تىلىدا «كامان پاي» دەيدۇ. بۇ خىل ئات تولا يىقىلغاق، يەنى

پۇتلاشقاق كېلىدۇ.

يەنە تۇۋۇقىنىڭ چۆرىسىدە ئۇزۇن تۈكى بولغان ئاتمۇ شۇمدۇر. كۆك كۆز ئات – ئەگەر ئىككىلا كۆزى كۆك بولسا، ئەيىبلىك، يەنى ناچاردۇر. خۇسۇسەن، چەپ كۆزى كۆك بولسا، بەكمۇ ئەيىبتۇر.

يەنە تۇۋۇقى نىپىز ئاتمۇ ناچاردۇر. ئاتنىڭ قولى ۋە پۇتى ئۇزۇن بولسىمۇ ياخشى ئەمەس. يەنە ئىت قۇيرۇق ئاتمۇ، قولىنى دەسسىگەن يەرگە پۇتىنى دەسسىيەلمىگەن ئاتمۇ ياخشى ئات ھېسابلانمايدۇ. يەنە ئۇزەڭگۈگە دەسسىگىلى قويمايدىغان، ئاغزى قاتتىق، چىشلىگەك، تولا كىشنىگەك ۋە ئاغامچا ئۈزگەك، تۇرۇپ تېزەكلىگەك ئاتمۇ ياخشى ئات تۇرىگە كىرمەيدۇ. يەنە كۆزى قارا كەلگەن بەزى ئاتمۇ شەبكور، يەنى كېچە قارىغۇسى ھېسابلىنىدۇ.

ھېكايەت:

ئەھمەدنىڭ يىلقىچىسى نورۇز كۈنى ئەھمەدنىڭ قېشىغا كەلگەنىدى، ئەھمەد سورىدى:

— ماڭا نېمە ئۈچۈن نورۇزلۇق ئېلىپ كەلمىدىڭ؟

يىلقىچى ئېيتتى:

— ئەي خوجا، سىزگە لايىق تۆھپە (سوۋغا) تاپالمىدىم، ئەمما تۆھپىدىنمۇ ياخشىراق خوش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

ئەھمەد سورىدى:

— قانداق خوش خەۋەر؟

يىلقىچى دېدىكى:

— تونۇگۈن يۈز بايتەلىڭىز يۈز قارا كۆز قۇلۇن تۇغدى.

ئەھمەد دەرغەزەب بولۇپ يىلقىچىنى يۈز تاياق سوقتۇردى. ۋە ئېيتتى:

— يۈز شەبكور (كېچە قارىغۇسى) قۇلۇن تۇغدى، دېگەن گەپ خوش خەۋەرمۇ؟ ھەر پەسلىنى ئوبدان پەرق ئەت. ئاتقا يۇقىدىغان كېسەللەردىن ھوشيار بول. ئاتتا بولىدىغان كېسەل (ئەيىب) لەر ئىچىدە كۆزنىڭ قارا بولۇشى ھەممىدىن يامانراق ئەيىبتۇر. چۈنكى باشقا ئەيىبلەرنى داۋالىغىلى، ئىلاجىنى قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما قارىلىق، يەنى كېچە قارىغۇسىنىڭ ھېچ ئىلاجىنى قىلغىلى بولماس!

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر ئات ئالساڭ چوڭ، يەنى بەستىلىك ئات ئالغىن، سېمىز ۋە سەلتەنەتلىك كىشى كىچىك ئاتقا مىنسە، كەمبەغەل كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئاتنىڭ ئىككى يان ئۇستىخىنى بىر – بىرىگە تەڭ بولسا، قىممەت باھاغا ئالغىن، بۇنداق ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئات بولمايدۇ. ھەر قانداق نەرسە ئالماقچى بولساڭ، تا ھاياتلا بولىدىكەنسەن، يەنى ھاياتلىقىڭدا ئۆزۈڭگە مەنپەئەتى يەتكۈدەك، سەندىن كېيىن پەرزەنتلىرىڭگە مىراس قالغۇدەك نەرسىنى ئال!

## يىگىرمە ئالتىنچى باب. خوتۇن ئالماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر خوتۇن ئالساڭ، ئىززەت – ئىكرام بىلەن تۇتقىن، بۇ دۇنيالىقتا ھەرقانداق ئەزىز نەرسە بولسا، خوتۇنۇڭ ۋە بالاڭدىن ئايىما، خۇسۇسەن، قولۇڭدا بولسىلا

كۆيۈمچان خوتۇندىن، پەرمانبەردار ۋە مېھرىبان پەرزەنتتىن ھېچنىمەڭنى قىزغانما.

ئەمما، خوتۇن ئال، لېكىن خوتۇنۇڭنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ پەيىدا بولما. تولا خۇش چىراي (چىرايلىق) خوتۇننىمۇ ئالما. چۈنكى گۈزەللىك غەيرىلەرنىڭ قىزىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئالغان خوتۇنۇڭ پاك دىن، چىرايى پاكىز، ئەر جىنسىغا يېقىن يولىمىغان، ئېتىقادلىق، شەرم ـ ھايالىق ۋە سادىق، جاۋاب ياندۇرمايدىغان، تاپقان مال ـ دۇنيالىرىڭنى ياخشى ساقلايدىغان بولسۇن. «ئوبدان خوتۇن يىراقنى ئويلايدۇ، يەنى كېيىننى ئويلاپ ئىش قىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەمما خوتۇنۇڭ ھەر قانچە مېھرىبان ۋە خۇش خۇي (گۈزەل) بولسىمۇ، ئۆزۈڭنى بىراقلا ئۇنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمە، پەرمانى ئاستىغا چۈشۈپ قالما.

يېقىنلىرى ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) دىن: «نېمە ئۈچۈن دارانىڭ قىزىنى ئالماي-سەن؟» دەپ سورىغاندا ئىسكەندەر: «ئۇ ناھايىتىمۇ گۈزەل (چىرايلىق)، شۇڭا ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن. چۈنكى پۈتۈن ئالەمگە مەن غالىب كەلگىنىم بىلەن، ئۇ بىر خوتۇن ماڭا غالىب كېلىدۇ.» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۆزۈڭدىن چوڭ خوتۇننى ھەم ئالما. ئىمكان بار قىز ئال. ئۇنىڭ كۆڭلىدە سېنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىڭدىن بۆلەك ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتى قارار تاپمىسۇن، سەندىن باشقا كىشىنىڭ تەمەيى كۆڭلىدە ئورۇن تۇتمىغاي!

ھازىر جاۋاب يامان خوتۇن شۇنداق بولىدۇكى، ئەگەر ئەسكىلىكى تۇتۇپ قالسا، بارلىق تاپقان ـ تەرگىنىڭنى، يەنى مال ـ مۈلكۈڭنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. سېنى ھېچ نەرسىگە ئىگە بولغىلى قويمايدۇ. شۇڭا بۇ تەرىقىدىكى، يەنى خوتۇننىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغان ئەرلەرنى كىشىلەر «خوتۇن كىشى» دېيىشىدۇ.

ئەگەر خوتۇن ئالماقچى بولساڭ، ياخشى ئائىلىنىڭ بالىۋاقىسىدىن ئال. ئەمما كىچىك ھەم نارەسىدە (بالاغەتكە يەتمىگەن) قىزنى ئالما. چۈنكى ئۆيلەنمەكتىن مەقسەت ئۆي تۇتماقتۇر. مەنپەئەت ئېلىش ئەمەس. ناۋادا شەھۋەت، يەنى ھاۋايى ھەۋەس ئۈچۈن بولسا، بازاردىن كېنىزەك سېتىۋال. ئۇنىڭ ھېچقانداق رەنج ـ مۇشەققىتى يوقتۇر. شۇڭا ئالىدىغان خوتۇن چوقۇم يېتىلگەن ۋە ئەقىللىق، ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ بىلگەن بولسۇن. ۋاقتىكى، مۇنداق خوتۇن تاپساڭ ھەرگىز سەۋەب كۆرسەتمە، تىرىشىپ ئېلىشنىڭ (ئۆيلىنىش-نىڭ) كويىدا بول، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت. يات كۆرمە خوتۇننى يات كۆرۈش يولدىن چىقارغان بىلەن باراۋەردۇر. چۈنكى خوتۇنلار [ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى] يات كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك يولدىن چىقىدۇ ھەم ئۆزىنى پەس كىشىلەرگە پىدا قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر يات كۆرمىسەڭ، يەنى ئۆز كۆرسەڭ، ساڭا مىڭ ئاتا ـ ئانىدىن ئۆتە سادىق ۋە مېھرىبان بولىدۇ. ناۋادا ئۆزۈڭنى يات كۆرسەتسەڭ، مىڭ دۈشمەندىن ئۆتە دۈشمەن بولۇپ كېتىدۇ. يات دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلغىلى، يەنى ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمما خوتۇنۇڭ دۈشمەن بولسا، ئېھتىيات قىلىش ـ ساقلى-نىش تولىمۇ مۈشكۈلدۇر.

ۋاقتىكى، قىز ئالساڭ ھەر كېچە يېقىنچىلىق قىلما، «ھەر دائىم مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئادەتلىنىپ قالمىسۇن، ناۋادا بىرەر ئۆزرىلىك ئىش ـ زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا ياكى سەپەرگە چىقىشقا توغرا كەلسە، سېنىڭ يوقلۇقۇڭدا سېنى، يەنى سەن بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تاقەتسىزلىنىدۇ. ئىمكان بار خوتۇنۇڭنى ياتلارغا كۆرسەتمىگىن. خىزمەتكارنى،

ھەتتا ياشانغان بولسمۇ، خوتۇنۇڭ بار ئۆرگە كىرگۈزمە. ھەر دائىم ئۆزۈڭنى غەيرەتلىك تۇت، غەيرەتسىز كىشىنى ئادەم سانىما، خۇدايتائالا پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئوبدان پەرۋىش قىل!

## يىگىرمە يەتتىنچى باب. پەرزەنتنى پەرۋىش قىلماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر پەرزەنتىڭ ئوغۇل بولسا، ياخشى ئات (ئىسىم) قويغايسەن، چۈنكى ياخشى ئىسىم قويۇش ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەقلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىككىنچىسى [پەرزەنتىڭنى] ئەقىللىق ۋە مېھرىبان بىر تەربىيىچىگە تاپشۇرغىن ۋاقتىدا خەتنە قىلدۇر. خەتنە ئىشلىرىنى قۇدرىتىڭ يەتكىنىچە تويغا ئوخشاش تەنتەنىلىك ۋە باياشات ئۆتكۈزۈشنى لازىم تۇت. ئاندىن ئىلىم ئۆگەتكىن. چوڭ بولغاندا جەڭ ماھارەتلىرىدىن تەلىم ئالدۇر. جەڭ ماھارەتلىرىنى ئوبدان بىلگەي، ئاندىن سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەت.

مەن ئون بەش ياشقا كىرگەنىدىم. بىر ياساۋۇلىمىز بار ئىدى. ئېتى (ئىسمى) مەنزەر ئىدى. ئاتام مېنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇ ماڭا ئات يۈگۈرتۈش (ئات مىنىش)، ئوق (ئوقيا) ئېتىش، نەيزىۋازلىق، كەمەن (سىرتماق، سالما) تاشلاش قاتارلىقلارنى ئۆگەتتى.

ياساۋۇل ئاتامنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

— خوجىزادىگە مەن بىلگىنىمنى ئۆگەتتىم. جەڭ ماھارەتلىرىدە ۋايىغا يەتتى، — دېدى. ئاتام مېنى ئوۋغا ئېلىپ چىقتى. ئۆگەتكەن ھۈنەرلىرىمنى كۆرسەتتىم. ئاتام ئاپىرىنلار قىلىپ، ياساۋۇلغا تون كىيگۈزدى ۋە:

— پەرزەنتىمگە يەنە بىر ئوبدان ئىشنى ئۆگەتكەيسىز، — دېدى.

ياساۋۇل سورىدى:

— ئۇ قانداق ئىش؟

ئاتام ئېيتتى:

— سۇچىلىق، يەنى سۇ ئۈزۈش.

شۇندىن كېيىن [ئاتام] يەنە بىر سۇچىنى، يەنى سۇ ئۈزۈش ئۇستىسىنى كەلتۈرۈپ، مېنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. سۇ ئۈزۈشنى ئوبدان ئۆگىنىۋالدىم. ئەمەلىيەتتە، سۇ ئۈزۈشنى خالاپ ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن ئۆگەنگەنىدىم. نەچچە يىلدىن كېيىن شام يولى بىلەن ھەجگە باردىم. مۇسىل شەھىرىگە يېقىن كەلگەندە قاراقچى تېگىپ پۈتكۈل مۈلكىمىزنى تالان قىلدى. ئادىمى كۆپ بولغاچقا تەڭ تۇرالمىدۇق. ھەممىمىز ۋەيرانە ھالدا مۇسىلغا كەلدۇق. ھېچ ئىلاج قىلالماي بىر كېمىگە چۈشتۇق. [كېمە بىلەن] باغدات دەرياسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ئىشىمىز ئوڭغا تارتىپ ھەقتائالا ھەج نىسىپ قىلدى. دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، كېمە باغدات دەرياسىدا كېتىۋاتقاندا بىر خەۋپلىك جايغا يەتتى. كېمىچى ئۇستا ئەمەس ئىكەن. ئوڭلاپ يۈرەلمەي، كېمە قايىنامغا كىرىپ كەتتى. بىز يىگىرمە كىشى ئىدۇق. كېمە غەرق بولغىلى تۇردى. مەن ۋە مېنىڭ بىر خىزمەتكارىم، يەنە بىر بەسىرەلىك كىشى ئۈچىمىز ئۆزىمىزنى دەرياغا

تاشلىدۇق. [دەريادىن] غولاچ ئېتىپ ئۈزۈپ چىقتۇق. باشقىلار هالاك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتامغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ئاتام نامىدىن كۆپلەپ دۇئا، سەدىقە خەيرىيەت قىلدىم. شۇنى چۈشەندىمكى، ئۇ، پىر [ئاتام] مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتكەنىكەن.

دېمەك، ئۆگىنىش لازىم بولغانلىكى هۈنەرلەرنى ئۆگەتكىن، تا ئاتىلىق هەققىنى بىجا كەلتۈرگەن بولىسەن. ئالەمنىڭ هادىسىلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، يەنى هادىسىگە ئۇچراشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ؛ ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلارنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن، هەرقانداق هۈنەر بىر كۈنى كارغا كېلىدۇ. شۇڭا قانداق هۈنەر بولسۇن، ئۆگىنىشتىن باش تارتما. ئەگەر پەرزەنتىڭنى ئوقۇتىدىغان ۋە ياكى هۈنەر ئۆگىتىدىغان ئۇستازى ئۇرسا، ئۇنى ئوغلۇڭغا بولغان ئاتىلىق شەپقىتى دەپ بىل، ئەدەب بېرىش - ئۇرۇشتىن توسما، كىچىك بالا ئىلىم ۋە ئەدەب - قائىدىنى تاياق بىلەن ئۆگىنىدۇ. شەپقەت بىلەن ئۆگەنمەس. ئەگەر سېنىڭ قېشىڭدا بىئەدەپلىك قىلىپ غەزىپىڭنى كەلتۈرسە، ئۆزۈڭ ئۇرما، ئۇستازىغا ئۇرغۇزغىن. ساڭا نىسبەتەن كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىنىپ قالمىغاي! سەن ئۆزۈڭنى هەمىشە هەيۋەتلىك (سۈرلۈك) كۆرسەت. سەندىن ئۆزىنى تارتىدىغان - قورقۇدىغان بولسۇن. ئەمما، لازىملىق خىراجەتتىن قىسما، پۇل - خىراجەت تۈپەيلى ئۆلۈمىڭنى تىلىمىسۇن. مىراسنىڭ ئەڭ ياخشىسى پەرزەنتكە ئىلىم، ئەدەب - ئەخلاق ئۆگەتمەكتۇر. شۇڭا ئىلىم، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىشكە سەل قارىما، هەتتا ئەقىلسىز، پاراسەتسىز، يەنى ئەقىل - پاراسەتتە ئانچە يېتىلمىگەن بولسىمۇ، ئىلىم، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويما. ئەگەر ئىلىم ئۆگىنەلمىسەڭ، كۈن ئالالىغۇدەك بىرەر ئىشنى بولسىمۇ ئۆگەت. [ئۆلىمالار] شۇنداق ئېيتقانكى: «پەرزەنتكە ئاتا - ئانىسى ئىلىم، ئەدەپ - قائىدە ئۆگەتمىسە، ئۇ هامان زامانىنىڭ تۈرلۈك رەنج - مۇشەققىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ». شۇڭا سەن ئاتىلىق شەرتىنى بەجا كەلتۈرگىن. پەرزەنتىڭ خۇدايتائالانىڭ ئىرادە - خاهىشى بويىچە تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولسۇن، شۇنى بىلگىنكى، ئادەم يوقلۇق راھەتخانىسىدىن مەۋجۇدلۇق مۇھەببەتخانىسىغا پۈتكۈل خۇي - پەيلى بىلەن پەيدا بولىدۇ. ۋاقتىكى، كامالىغا يەتسە، كۈندىن كۈنگە ئوبدان بولۇشى ۋە ياكى كۈندىن كۈنگە ئەسكى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، سەن ئۇنىڭغا (پەرزەنتىڭگە) هۈنەر، ئەدەب - قائىدىنى مىراس قالدۇرالىساڭلا، ئاتىلىق هەققىنى بىجا كەلتۈرگەن بولىسەن. ئۇلۇغلارنىڭ بالىۋاقىسى ئۈچۈن ئىلىم - هۈنەردىن ئارتۇقراق هېچ نەرسە يوقتۇر.

ناۋادا ئۇلۇغلارغا لايىق دېيىلسە، مېنىڭ نەزىرىمدە هەممىدىن ئىلىم - هۈنەر ئەڭ لايىقتۇر، ئەگەر ئۇلۇغلارنىڭ پەرزەنتى كۆپرەك هۈنەر ئۆگەنسە، بەزىلىرى دەرهال ئەسقاتمىسىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كارغا كېلىپ قالىدۇ.

**هېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، كۈشناسىپ مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن رۇم مەملىكىتىگە - قۇستەنتەنىيە (ئىستانبۇل) گە كەلدى. قولىدا دۇنيالىقتىن هېچنەرسە يوق ئىدى. باشقىلاردىن بىر نېمە تىلەشنى نومۇس بىلدى. كىچىكىدە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۆمۈرچىلەر ئىشلەيتتى. ئۇ تۆمۈرچىلەرنىڭ هۈنىرىگە قىزىقىپ، بەزى قائىدە - قانۇنلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالغانىدى. يەنى تۆمۈرچىلىك هۈنىرىنىڭ بەزى تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. رۇمغا چۈشكەن كۈنى هېچ ئامال

قىلالماي تۆمۈرچىلەر دۇكىنىغا باردى ۋە مەن بۇ ھۈنەرنى بىلىمەن، دېدى.

تۆمۈرچىلەر ئۇنى ياللىۋالدى، يەنى ئىشقا قويدى، ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە رۇمدا مۇشۇ ھۈنەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلدى. ھېچ كىشىگە ئېھتىياجى چۈشمىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى ئۆز ۋەتىنىگە يېنىپ كەلدى ۋە: «ئۇلۇغلاردىن ھېچ كىشى پەرزەنتىگە ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئەيىب كۆرمىسۇن، بىر كۈنى كارغا كېلىدىكەن» دەپ پەرمان قىلدى. شۇندىن كېيىن ھۈنەر ئۆگىنىش ئەجەمدە قائىدە بولۇپ قالدى. ھۈنىرى يوق، يەنى ھۈنەر ئۆگەنمىگەن بىرمۇ مۇجىزادە يوق ئىدى. ھاجىتى چۈشمىسىمۇ ئۆگىنەتتى.

ۋاقتىكى، ئوغلۇڭ بالاغەتكە يەتكەندە دىققەت بىلەن كۆزەت. ئۇنىڭدا ئەدەب - ئەخلاقنىڭ ئەسىرى، ئۆي تۇتۇشنىڭ خاھىشى، خوتۇن ئېلىشنىڭ ھەۋىسى مەلۇم بولسا، دەرھال خوتۇن ئېلىپ بەر - ئۆيلەپ قوي. گەردىنىڭدىكى بىر قەرزنى ئادا قىلغان بولىسەن. ئەمما ئوغلۇڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرمەكچى ياكى قىزىڭنى ئەرگە بەرمەكچى بولساڭ، ھەرگىزمۇ ئۇرۇق - توغقانلىرىڭ بىلەن قۇدىلاشما، يەنى ئۇرۇق - توغقانلىرىڭ بىلەن تويلاشما يات، يىراق يەردىن ئۆيلىگىن. چۈنكى ئۇرۇق - توغقانلىرىڭ گويا ئۆز بەدىنىڭدىكى قان بىلەن گۆشكە ئوخشاشتۇر. شۇڭا ياتلار بىلەن تويلاش ۋە ياتلارنى ئۆز قىلىۋال. شۇندىلا بىر كۈچۈڭ ئىككى بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن يار - يۆلەككە ئېرىشەلەيسەن. ناۋادا ئوغلۇڭنىڭ ئۆي تۇتالمايدىغانلىقىنى، خاراكتېرىنىڭ كۈندىن كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىساڭ، خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن دەپ بىر مۇسۇلماننىڭ قىزىنى بالاغا قويمىغىن، ئوغلۇڭنى ئۆز ھالىغا قويىۋەت. خالىغىنىنى - ئۆزى بىلگىنىنى قىلسۇن.

ئەگەر پەرزەنتىڭ قىز بولسا، كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان تەربىيىچىلەرگە تاپشۇر. ئوبدان پەرۋىش قىل. مەكتەپكە بەر. شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن لازىملىقلارنى - زۆرۈرىي بىلىملەرنى ئۆگەتكىن. بالاغەتكە يەتسە، ۋاقتىدا ئەرگە بەر. «قىز بالىنىڭ ئەردە بولغىنى ياخشى، ئەردە بولمىسا، گۆردە بولغىنى ياخشى» . ئەمما، قىز بالاڭ ئۆيۈڭدە - يېنىڭدىكى چاغدا، ھەمىشە ئۇنىڭغا مەرھەمەت ۋە شەپقەت بىلەن قارا، مېھىر - مۇھەببىتىڭنى ئايىما، ئوغۇل بالا ئاتا - ئانىسى بولمىسىمۇ بىر ئىش قىلىپ كۈنىنى ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ھەر تەرىقىدە بولسىمۇ جېنىنى باقالايدۇ. ئەمما قىز بالا بىچارىدۇر. دېمەكچىمەنكى، دۇنيالىقتىن، يەنى پۇل - مېلىڭدىن نېمە بولسا، ئاۋۋال قىز بالىنىڭ جابدۇقىنى قىل ۋە شۇ ئىشنىڭ مەشغۇللۇقىدا بولغىن، تا ئۇنى ياخشى بىر كىشىنىڭ گەردىنىگە يۈكلە، قىزىڭنىڭ غېمىدىن خالاس بول، قىزىڭ توي قىلمىغان بولسا، ئۆيلەنمىگەن كىشىگە ياتلىق قىل. قىز بالا ئېرىگە كۆڭۈل باغلىغاندەك ئېرى ھەم خوتۇنىغا كۆڭۈل باغلىغاي!

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە [ئەرەب لەشكەرلىرى] مەلىكە شەھربانۇنى ئەسىر قىلىپ ئەجەمدىن ئەرەبكە ئېلىپ كېلىشتى. ھەزرىتى ئەمىرۇل - مۆئمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى (مەلىكىنى) سېتىۋېتىشكە بۇيرىدى. ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئەلى كەررەمۇللاھۇ: «پادىشاھلارنىڭ بالىۋاقىسىنى سېتىش دۇرۇس ئەمەستۇر» دېگەن ھەدىسنى ئېيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىشىنىپ شەھربانۇنى سېتىشتىن توختىدى. ئەمما ئۇنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپ سەلمان فارسىينىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا كۈيەۋ (كۈيئوغۇل) تاپماقچى بولۇشتى. شەھربانۇ: «مېنى ئالىدىغان كىشىنى كۆرمىگىچە ئۆزۈمگە قوبۇل كۆرمەيمەن. مېنى بىر پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئاندىن ئەرەبنىڭ

ئۇلۇغلىرىنى مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈڭلار، قايسىسى كۆڭلۈمگە ياقسا، شۇنى قوبۇل قىلىمەن»
دېدى. سەلمان فارسىي شەھربانۇنى ئۆيىدە ئېگىز بىر يەردە - پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزدى.
ھەزرىتى سەلمان فارسىي پەردىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆتكەن ئۇلۇغلارنى تەرىپ ۋە تەۋسىپ بىلەن
بىرمۇ بىر تونۇشتۇرۇپ تۇردى. شەھربانۇ ئۇلارغا ئۆزر ئېيتاتتى. تا ھەزرىتى ئەمىرۇل -
مۇئمىنىن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى. شەھربانۇ سورىدى:

— بۇ كىمدۇر؟

سالمان ئېيتتى:

— ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەزرىتى ئۆمەردۇر، ئۇلۇغ كىشىدۇر.

شەھربانۇ ئېيتتى:

— راست ئېيتىسىز، ئۇ ناھايىتى ئۇلۇغ كىشىدۇر، ئەمما قېرى ئىكەن.

ئاندىن ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى.

شەھربانۇ سورىدى:

— بۇ كىمدۇر؟

سەلمان ئېيتتى:

— ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەزرىتى ئەلىدۇر. ئۇ خۇدانىڭ پەيغەمبىرى [مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-
لام]نىڭ نەۋرە ئىنىسىدۇر.

شەھربانۇ ئېيتتى:

— ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ ۋە ماڭا لايىق كىشى ئىكەن. لېكىن قىيامەت كۈنى فاتىمەئى زۆھرە
رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇشتىن قورقىمەن.

ئاندىن كېيىن ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى.

شەھربانۇ سورىدى:

— بۇ كىمدۇر؟

سەلمان ئېيتتى:

— بۇ ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەسەندۇرلار.

شەھربانۇ ئېيتتى:

— ماڭا لايىق كىشى ئىكەن، لېكىن كۆپ نىكاھلىق دەپ ئاڭلىغانىدىم.

ئاندىن ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھۆسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى.

شەھربانۇ ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە:

— ئۆزۈمنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى.

دېمەك، ئۆيلەنمىگەن كىشى ئۇچۇن قىز خوتۇن ئالماق جايىزدۇر. ئەمما قىزنىڭنى ئەرگە
بەرمەكچى بولساڭ، خۇش رۇي كىشىگە بەر. چۈنكى قىز بالا تەرى سۆرۈن (قاپىقى يامان)
كىشىگە كۆڭۈل باغلىمايدۇ. كۈيئوغۇل بولغۇچى چوقۇم چىرايى پاكىز، دىنى پاك ۋە ئۆي
تۇتۇشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بولسۇن، كۈيئوغۇلنىڭ ئورنى (ئائىلە ئەھۋالى) قىزنىڭدىن تۆۋەن-
رەك بولغىنى ياخشى. شۇنداق بولغاندا، ئۇ (كۈيئوغلۇڭ) سەن بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولىدۇ.
ئەمما، سەن ئۇنىڭدىن (كۈيئوغلۇڭدىن) پەخىرلىنىپ يۈرمەيسەن، تاكى قىزىڭ راھەت ۋە
ئۇلۇغلۇق بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەي! لېكىن كۈيئوغلۇڭدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلما. قىزىڭنى

ساتقۇچى ھەم بولما، يەنى ساڭا قىز بەردىم دەپ تامام ھاجىتىڭنى ئۆتىنىڭ (كۈيئوغلۇڭنىڭ) ئۈستىگە يۈكلەپ قويما. قولۇڭدا نېمە بولسا، سەرپ قىلىپ قىزىڭنى ئوبدان بىرىگە تۇتقۇزۇپ، غەم - قايغۇدىن خالاس بولغىن.

دوستلىرىڭغىمۇ ئۇشبۇ نەسىھەتنى قىل، ئۇلارمۇ مۇشۇ تەرىقىدە ئىش كۆرگەي!

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب. دوست تۇتماقنىڭ بايانى

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن دوستسىز يۈرمەيدۇ. ئادەم ئۈچۈن دوستسىزلىق، يەنى دوستى بولماسلىق بۇرادەرسىزلىكتىن، يەنى ئاكا ياكى ئىنىسى بولماسلىقتىنمۇ يامانراقتۇر. كىشىلەر بۇ توغرىدا ھۆكۈمالاردىن: «دوست ياخشىمۇ ياكى بۇرادەر ياخشىمۇ؟» دەپ سوراشقانلىرىدا، ھۆكۈمالار: «بۇرادەرنىڭمۇ، دوستىنىڭمۇ بولغىنى ياخشى، ناۋادا بۇرادەر (قېرىنداش) ۋاپاسىز بولسا، ئەلۋەتتە، دوست ياخشى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بەس، دوستلىرىڭغا سوۋغات ئەۋەتىش، ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئارقىلىق دوستلۇقۇڭنى مۇستەھكەملىمەك ۋە يېڭى دوست تاپماقنىڭ كويىدا بول، كىمىكى دوستلۇق ھەققى ۋە ھۆرمىتىگە رىئايە قىلماقنىڭ كويىدا بولمىسا، ئەلۋەتتە دوستسىز قالغۇسىدۇر. كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا تىرىش، چۈنكى كىشىنىڭ دوستى كۆپ بولسا، ئەيىبلىرى يېپىلىپ، ھۈنەرلىرى ئاشكارا بولىدۇ. لېكىن يېڭى دوست تۇتساڭ، كونا دوستلىرىڭدىن يۈز ئۆرىمە، «ياخشى دوست زور بايلىق» دېگەن گەپ بار. ھەمىشە دوستۇڭنى كۆپەيتىشنىڭ كويىدا پىكىر يۈرگۈز، ئەمما، سەن بىلەن شەكىلدە دوستتەك يۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە يېرىم دوستلۇق قىلىدىغان كىشىلەرگە سىرلىرىڭنى ئېيتما. لېكىن، مەيلى ياخشىلىق قىلسۇن ۋە ياكى يامانلىق قىلسۇن، ئوخشاشلا مېھرىبان ۋە سەمىمىي مۇئامىلىدە بول. ۋاقتى - سائىتى يېتىپ سەندىن ياخشىلىق كۆرسە، ئەلۋەتتە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىر نىيەتتە ساڭا دوستلۇقىنى يەتكۈزىدۇ.

كىشىلەر ئىسكەندەردىن: «شۇنچە كۆپ ئالەمنى قانداق قىلىپ قولۇڭغا كەلتۈردۈڭ، يەنى ئەتراپىڭغا يىغالىدىڭ؟» دەپ سورىغاندا ئىسكەندەر: «دۈشمەنلىرىمنى مۇلايىملىق ۋە مەرھەمەت بىلەن قولغا كەلتۈردۈم؛ دوستلىرىمنى دوستلۇق ئەھدى ئارقىلىق كۆڭلىنى باغلاپ قولۇمغا كەلتۈردۈم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېمەكچىمەنكى، دوستۇڭنىڭ دوستىنىمۇ ئەزىز تۇت. چۈنكى دوستىنىڭ دوستى ھەم دوستتۇر. ئەمما دۈشمىنىڭنى دوست تۇتقان دوستۇڭدىن قورق. ئۇنداق ئادەمنىڭ ساڭا بولغان دوستلۇقىدىن دۈشمىنىڭگە بولغان دوستلۇقى زىيادىرەك بولۇشى، ھەتتا دۈشمىنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ساڭا يامانلىق ئىستەپ يۈرۈشى ئېھتىمالغا يېقىن.

يەنە دوستۇڭنى دۈشمەن تۇتقان دوستتىنمۇ ئېھتىيات قىل. سەندىن ھېچ سەۋەبلىك ئۆتمەي تۇرۇپ، سەۋەبسىزلا سەندىن قوسۇر ئىزدەيدىغان دوستتىنمۇ قورق. ئۇنداق ئادەمدىن دوستلۇق تەمە قىلما. دوست تۇتماقچى بولساڭ، ئىمكان بار ئالىم كىشىنى دوست تۇتقىن، چۈنكى ئالىم كىشىنىڭ ئەيىبى كەم بولىدۇ. ئىلىمسىز كىشىنى دوست تۇتما، چۈنكى ئىلىمسىز دوستتىن

ياخشىلىق يەتمەيدۇ. يەنە ئاش ۋە نان ئۈچۈن دوست بولغانلىرىنى، خىزمەتكار قاتارىدا سانىغىنىنى دوستلار قاتارىدا كۆرمە، ئۇنداقلار-پەقەتلا ئاش ۋە ناننىڭ دوستى، سېنىڭ دوستۇڭ ئەمەس.

ئوبدانلار بىلەن يامانلارنى ياخشى پەرق ئەت، ئەمما ھەر ئىككى تائىپەگە، يەنى ئوبدانلارغىمۇ، يامانلارغىمۇ دوستلۇق كۆرسەت، بۇنداق دوستلۇقنى ئوبدانلارغا كۆڭۈل بىلەن، يامانلارغا تىلىڭ بىلەن بىلدۈر، ساڭا نىسبەتەن ھەر ئىككى تائىپەنىڭ دوستلۇقى ھاسىل بولسۇن، چۈنكى ھاجىتىڭ ھەممىشە ياخشىلارغىلا چۈشىۋەرمەيدۇ. ۋاقتى كەلگەندە يامانلارغا ھەم ھاجىتىڭ چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا ئىمكان بار ياخشىلىق تەرىقىنى مەھكەم ساقلا. ئەمما بىئەقىل (نادان) كىشىلەر بىلەن ھەرگىز دوستلۇق ئورناتما، چۈنكى نادان دوستتىن زىرەك دۈشمىنىڭ ئوبداندۇر، نادان دوستۇڭنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ساڭا يۈز زىرەك دۈشمىنىڭ يەتكۈزەلمەيدىغان ھادىسىلەرنى يەتكۈزۈشى مۇمكىن، ئالىم ۋە زىرەك، دوستلۇق ئەھدىدە مەھكەم كىشىلەر بىلەن دوست بول، سەن ھەم خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان دوستلۇرۇڭ قاتارىدا مەشھۇر بولالايسەن. يامان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن، تەنھالىقنى ئەلاراق بىلگىن، نەزم:

ئەي كۆڭۈل، قاچقىل بەيابانلاردا ۋەھشىيلەر كەبى،
تۇتماغىل ئۈلفەت يامانلار بىرلە ياخشىلار كەبى.
تۇتقۇچە ئۈلفەت يامانلار بىرلە تەنھالىقدا بول،
لەئل كانى ئىچرە قىينالغان بەدەخشىيلەر كەبى.

مالامەتكە سازاۋەر بولماي دېسەڭ، دوستلارنىڭ، ھەققىنى زايا قىلما.

بىلىشىمچە، ئىككى تائىپە مالامەتكە سازاۋەردۇر:
بىرى، دوستلارنىڭ ھەققىنى زايا قىلغۇچى، يەنە بىرى، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمىگۈچى.
بىلگىنكى، دوستلۇققا يارايدىغان كىشى ئىككى ئىش بىلەن تونۇلىدۇ:
بىرى شۇكى، ھەر قانچە تەڭقىسلىقتا قالسىمۇ، بارىنى ئايىمايدۇ؛ ئىككىنچىسى شۇكى، ئەگەر دوستلىرىدىن بىرى ئالەمدىن ئۆتسە، بالىۋاقىسىنى سوراپ، ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولۇپ شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆرسىتىدۇ. ھەر دائىم دوستىنى زىيارەت قىلىدۇ. قەبرە ۋە جايى مەنزىلىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ.

يەنە بىر سۆزۈم شۇكى، دوستلىرىڭ بىلەن دوستلۇقنى ئوتتۇرا ھال قىلغىن، دوستلىرىڭغا ئۈمىد بىلەن كۆڭۈل باغلىما، ئەمما ئۆزۈڭنى ھەممىدىن دوستراق تۇتقىن، ئالدى - ئارقاڭغا قاراپ ئىش تۇت، دوستلىرىڭغا بەكلا ئىشىنىپ كېتىش تۇيۇقسىز ئۆزۈڭدىن غاپىللىق (پەرۋاسىزلىق) ئۆتۈپ قالمىسۇن، چۈنكى مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، ساڭا ئۆزۈڭدىن يېقىنراق يەنە بىرى يوقتۇر.

دوستۇڭنى تەڭلىك، يەنى قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا سىنا، مەئىشىتىڭ پاراۋان، يەنى باي - باياشات چاغلىرىڭدا ھەممە ئادەم ساڭا دوستلۇق بىلدۈرىدۇ. دوستلىرىڭدىن كۆڭلۈڭ ئاغرىغان ۋاقىتلاردا ھەم ئىلگىرىكىدەكلا خۇش مۇئامىلىدە بول. ئەمما دوستلىرىڭغا سىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما. چۈنكى كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە ئاراڭلاردا نىزا - خۇسۇمەت پەيدا بولۇپ قالسا، دوستلۇق

دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ - دە، ئېيتقان مەخپىيىتىڭ ساڭا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. كېيىن پۇشايمان
قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى بولمايدۇ. ئەگەر كەمبەغەل (يوقسۇل) بولساڭ، دۇنيادارلار (بايلار)
بىلەن دوست بولما، چۈنكى كەمبەغەللەرنى ھېچ كىشى دوست تۇتمايدۇ. خۇسۇسەن، ئۆز
مەرتىۋەڭدىكى ئۆزۈڭ بىلەن باراۋەر، تەڭ دەرىجىدىكى كىشىنى دوست تۇتقىن. ناۋادا سەن باي
بولساڭ، كەمبەغەللەرنى دوست تۇت. كەمبەغەللەرنى دوست تۇتۇش ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ سائادەتتۇر.
ھەرقاچان دوستلىرىڭنىڭ ھەققىدە كۆڭلۈڭنى دۇرۇس تۇت. ئىشلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى
بولىدۇ. ئەگەر دوستۇڭ ھەققىدە سەندىن ھېچ گۇناھ ئۆتمەي تۇرۇپمۇ، ئۇ، يەنى دوستۇڭ سەندىن
كۆڭۈل ئۈزسە، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشقا ئالدىراپ كەتمە. چۈنكى ئۇنداق كىشى دوستلۇققا لايىق
ئەمەستۇر. تەمەگەر، يەنى سەندىن پايدا ئۈمىد كۈتىدىغان دوستتىن ھەم يىراق بولغىن، چۈنكى
ئۇنداق ئادەم سەن بىلەن پەقەت بىرەر نەرسىنىڭ تەمەيىدىلا دوست بولىدۇ. يەنە ھەسەتخور
كىشىلەر بىلەنمۇ دوست بولما، چۈنكى ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىن ھەسەت زەھىرىنى چىقىرىپ
بولماس. ھەسەتخور كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارغا ئازار يەتكۈزمەك، ئاداۋەت تۇتماقنىڭ قەستىدىلا
يۈرۈيدۇ. سېنىڭ دوستلۇق قىلغىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلمايدۇ.

يۇقىرىدا دوست تۇتماقنىڭ مىزانلىرىنى بايان قىلدىم، ئەمدى دۈشمەن ئەھۋالىنى بايان
قىلاي.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب. دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ھېچ كىشىنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋالماسلىققا تىرىش، ئەگەر بىراۋ ساڭا
دۈشمەن بولسا، قورقمىغىن ۋە غەم يېمىگىن، گەرچە سەن دۈشمەنلىك قىلمىساڭمۇ، باشقا بىرى
ھامان ساڭا دۈشمەنلىك ئارزۇسىدا بولىدۇ. ئەمما دۈشمەنىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىدىن
غاپىل بولما ۋە ئۇنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىغا قارىتا سۈكۈت قىلما، ھەر دائىم ئۇنىڭ (دۈشمەنلە-
رىڭنىڭ) ئىشلىرىغا — مىكىر ۋە ھىيلىلىرىگە پەرۋاسىز قارىما، دۈشمىنىڭنىڭ ھال - ئەھۋالى
تەدبىرىدىن خەۋەرسىز قالما، شۇندىلا بالاغا قالمايسەن، كەمبەغەل بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى دۈشمە-
نىڭگە ئۇلۇغ (باي) كۆرسەت، ھەممەتلىك ھەم جۈرئەتلىك بول. ئۆزۈڭنى ھەرگىزمۇ دۈشمىنىڭ-
گە تۆۋەن ۋە يوقسۇل كۆرسەتكۈچى بولما، دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمەنلىك ئىشەنچى كۈچىيىۋالمى-
سۇن، دۈشمەنىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى، ياخشى قىلىقى ۋە تاتلىق گەپ - سۆزلىرىگە كۆڭۈل
باغلىما ۋە بۇ كۆڭۈل تانابىغا باغلىنىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتمە، يەنى دۈشمىنىڭنىڭ مەسلىھەت
ۋە كېڭىشىگە ئالدىنىپ قالما، ئەگەر دۈشمىنىڭدىن شېكەر تېتىساڭ، زەھەر بىلگىن، يەنى
دۈشمىنىڭدىن بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىدەك ناۋا يەتسە، ئۇنى كۆڭۈلنى جاراھەتلەندۈرگۈچى زەھەرلىك
يا ئوقى دەپ بىل. ئەلۋەتتە، دۈشمەندىن قورقۇش كېرەك. دېيىلىدۇكى، ئىككى كىشىدىن
قورق. بىرى، زالىم دۈشمەن، يەنە بىرى، ۋاپاسىز يار. دۈشمىنىڭ بىلەن ئاشكارا رىقابەتتە
بول. لېكىن ئۇنى ئاجىز كۆرمە، گەرچە دۈشمىنىڭ ئاجىز ۋە يوقسۇل بولسىمۇ، ئۇنى ھامان
دۈشمەن دەپ بىل. ھەرگىزمۇ ئاجىز، يوقسۇل دەپ سەل قارىغۇچى بولما.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، خۇراساندا مەشھۇر ۋە سېخىي، تولىمۇ دانا بىر كىشى بار ئىدى. ئىسمى مۇھزىب ئىدى. بىر كۈنى ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا قوغۇن شاپىقىغا تېيىلىپ يىقىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شاپاقنى پىچىقى بىلەن پارە - پارە قىلدى. خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭدىن:

— ئەي خوجا، شۇنچە ئۇلۇغلۇقۇڭ ۋە دانالىقىڭ بىلەن خىجالەت بولماستىن بىر پارچە شاپاققا بۇ قاتارلىق ئاچچىق قىلغىنىڭ نېمىسى؟ — دېيىشتى.

مۇھزىب دېدىكى:

— [ بۇ شاپاق] مېنى يىقىتتى، شۇڭا ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر. دۈشمەننى تۆۋەن كۆرگىلى بولماس، ناۋادا كىچىك (ئاجىز) بولسىمۇ، ھەرقانداق كىشى دۈشمەننى تۆۋەن (ئاجىز) چاغلاپ كۆزگە ئىلمىسا، پات پۇرسەتتە دۈشمەن شۇ كىشىنى خار قىلىدۇ.

بەس، دۈشمىنىڭ سېنى ھالاك قىلماستىن بۇرۇن، سەن دۈشمىنىڭنى ھالاك قىلىشىنىڭ تەدبىرىنى قىل، ناۋادا بىرەر كىشى ساڭا دۈشمەنلىك قىلسا، ئىمكان بار تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنىڭ يولىنى ئىزلە، ھەرگىزمۇ دۈشمىنىڭنى تۆۋەن ۋە ئاجىز چاغلاپ [ئۆزۈڭنىڭ غالىب ئىكەنلىكىڭنى] كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىپ يۈرمە، چۈنكى ئۇ پەخىرلەنگىدەك ئىش ئەمەس.

كۆرمىدىڭمۇ؟ بىر پادىشاھ ئۆز دۈشمىنىنى بويسۇندۇرسا، ئەمما ئۇ دۈشمەن ئۆزىنى بويسۇندۇرغان پادىشاھقا قارىغاندا مەرتىۋىلىك ۋە ئۇلۇغ بولمىسا، يەنى مەرتىۋىسى تۆۋەن، ئاجىز بولسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە باشقىلار نامە پۈتۈپ، شۇ ئاجىز دۈشمەننى مۇبالىغە بىلەن ئوقىيا ئېتىشتا تەڭدىشى يوق، جاسارەتتە شىر، ئەجدىھا سۈپەت قىلىپ مەدھىيىلەيدۇ. دۈشمەننىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە ئاجىز لەشكىرىنى بولسا، باھادىر ۋە پالۋانلىق سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ. شۇ ئاجىز دۈشمەننىڭ لەشكىرىنى باتۇر، جاسارەتلىك قىلىپ، لەشكىرى قوماندانلىرىنى بولسا، شىجائەتتە يېگانە، پالۋانلىقتا تەڭداشسىز قىلىپ بىرمۇ بىر ھېكايە قىلىدۇ. ئاندىن پالانى پادىشاھ دۈشمىنىنىڭ جەۋر - زۇلۇم تىغىنى سۇندۇرۇپ، بۇ قاتارلىق كۈچلۈك دۈشمەنگە شۇنداق ئات سالدىكى، ھەممىسىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا قاچۇرۇپ، بىراقلا نابۇت قىلدى، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ شۇ ئاجىز دۈشمەننىڭ تەرىپى بولماستىن، بەلكى غالىب پادىشاھنىڭ تەرىپى - لەشكىرىنىڭ جاسارىتىنىڭ تەرىپىدۇر.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، رەي شەھىرىگە بىر مەزلۇم (ئايال) پادىشاھ ئىدى. ئۇنى سەييىدە دەپ ئاتايتتى. ئەسلىدە پادىشاھ فەخرىد - دەۋلە ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئىسمى مەجىد - دەۋلە ئىدى. شاھزادە كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا پەقەت پادىشاھلىق نامىلا بېرىلگەندى. پادىشاھلىقنى بولسا، ئانىسى قىلاتتى. ۋاقتىكى، مەجىد - دەۋلە چوڭ بولدى. ئەمما ناقابىل (قابىلىيەتسىز) ئىدى. پادىشاھلىققا لاياقىتى يوق ئىدى. مەزلۇم خەلقتەك ئۆيدىن چىقماي، كېنىزەكلەر بىلەن خىلۋەتتە تاماشا بىلەن بولاتتى. ئانىسى سەييىدە رەي، قەھىستان ۋە ئىسپىھاندا ئوتتۇز توققۇز يىل پادىشاھلىق قىلدى. بۇنى دېيىشتىكى مەقسىتىم شۇكى:

سۇلتان مەھمۇد سەييىدەگە ئەلچى ئەۋەتىپ: «مېنىڭ نامىمغا خۇتبە ئوقۇت، ماڭا سېلىق - خىراجەت تاپشۇر، بولمىسا لەشكەر تارتىمەن» دەپ ھېسابسىز سىياسەت قىلدى. ئەمما سەييىدە

كەلگەن ئەلچىنى چاقىرتىپ دېدىكى:

— «سۇلتان مەھمۇدقا ئېيقىن، مېنىڭ ئىرىم فەخرىد - دەۋلە ھايات ۋاقتىدا سېنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىشىڭدىن ۋە رەي شەھىرىنى ئېلىش قەستىدە بولىدىغانلىقىڭدىن ئەندىشە قىلاتتۇق، ۋەھالەنكى، فەخرۇد - دەۋلە ئالەمدىن ئۆتتى. پادىشاھلىق كىشى ماڭا قالدى. شۇڭا بۇنداق ئەندىشىلەر كۆڭلۇمدىن ئۆچتى. يەنە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سۇلتان مەھمۇد ئاقىل پادىشاھتۇر. بىر خوتۇن كىشى بىلەن جەڭ قىلماق - يۇرت تالاشماق ئۈچۈن لەشكەر تارتماق شۇنداق ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ نام - شەرىپىگە لايىق ئەمەستۇر. ناۋادا كەلسەڭ، خۇدايتائالا مەدەت قىلغاي! مەن قاچماسمەن، جەڭگە تەييار تۇرۇۋېتىمەن، چۈنكى ئۇرۇش ئىككى ئىشتىن خالىي بولمايدۇ. شەكسىز ئىككى لەشكەر (قوشۇن) نىڭ بىرى مەغلۇب بولىدۇ. ئەگەر كۈتۈلمىگەندە سېنىڭ لەشكىرىڭ مەغلۇب بولسا، ئەتراپ - ئالەمگە: سۇلتاننى مەغلۇب قىلدىم. ئۇ يۈز مىڭ پادىشاھنى مەغلۇب قىلغانىدى، دەپ نامە يوللاپ ئەۋەتىمەن. ناۋادا مېنىڭ لەشكىرىم مەغلۇب بولسا، بىر خوتۇننى مەغلۇب قىلدىم، دەپ پەخىرلەنسەڭ ئەرزىمەيدۇ.»

سۇلتان مەھمۇد ئۇشبۇ سۆز بىلەن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە لەشكەر تارتمىدى. رەينى ئېگىللىۋېلىش قەستىدىمۇ بولمىدى.

شۇڭا، ئەي ئوغۇل، دۈشمەننى زەئىپ ۋە ئاجىز كۆرۈپ پەرۋاسىزلىق قىلما. ھېچ قاچان دۈشمەندىن خاتىرجەم بولما، خۇسۇسەن، ئۆي ئىچىدىكى (يېنىڭدىكى) دۈشمەندىن غاپىل بولما، چۈنكى ياتلار بىلمەيدىغاننى يېنىڭدىكى دۈشمەن بىلىدۇ. تالادىكى دۈشمەن يېنىڭدىكى دۈشمەن بىلگەننى بىلمەيدۇ. بەس، ھېچبىر دۈشمەنگە [چىن دىلىڭدىن] دوستلۇق قىلغۇچى بولما، پەقەت كۆرۈنۈشتىلا دوستلۇق كۆرسەت، كۆرۈنۈشتىكى دوستلۇق كۈنلەر ئۆتۈپ ھەقىقىي دوستلۇققا ئايلىنىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس [بەزىدە] دۈشمەنلىكتىن دوستلۇق پەيدا بولىدۇ؛ ۋە بەزىدە دوستلۇقتىن دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ. ھەمىشە دۈشمىنىڭدىن دوستلىرىڭنىڭ كۆپ بولۇشى ئۈچۈن تىرىش. ئامال بار دوستۇڭ كۆپ، دۈشمىنىڭ ئاز بولغاي! ئەمما مىڭ دوستۇڭغا ئۈمىد باغلاپ، بىر دۈشمەندىن غاپىل بولما. چۈنكى مىڭ دوستۇڭ ساڭا بولغان دوستلۇقىدىن ۋاز كەچتى دېگەندىمۇ، بىر دۈشمەن ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. ناۋادا دۈشمىنىڭ [ساڭا بولغان] دۈشمەنلىكىنى بولدى قىلىپ سەمىمىيلىك كۆرسەتسە، سەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرمە، بىراق دۈشمىنىڭ سەندىن ھەرقانچە ئاجىز بولسىمۇ، يەنىلا ساڭا دۇشۋارچىلىق يەتكۈزۈشتىن ئېھتىيات قىل. ئەگەر دۈشمىنىڭ سەن بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنى خالسا، ئۇنىڭ خاھىشىنى غەنىيمەت بىلىپ چىقىشىپ ئۆتكىن. [دانالار] ئېيتقانكى:

«[دۈشمىنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرگەندىن] يا ئادا - جۇدا بولغىنىڭ يا بىر تەرەپكە كەتكىنىڭ ۋە ياكى چىقىشىپ ئۆتكىنىڭ خوبتۇر.»

ئەگەر دۈشمىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ [دۈشمىنىڭنى] ھالاك قىلساڭ، شاد - خورام بولماقلىق راۋادۇر، ناۋادا [دۈشمىنىڭ] ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلسە، خۇشال بولۇپ كەتمە، چۈنكى سەن ھەم ئۆلمەي قالمايسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئۆلمەسلىكىنى بىلسەڭ، خۇشال بولۇش باشقا گەپ.

ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇركى:

«ھەر كىشى دۈشمىنىدىن بىر نەپەس ئارتۇق ئۆمۈر كۆرسە غەنىيمەت بىلگەي». لېكىن مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى،

نەزم:

گەر قىلسە ئۆلۈم خەسىم ① نابۇد،
خەسىم ئۆلگەنىگە شادلىق ئەتمەك نېسۇد②؟
يەتكەندە ئەجەل سەرسەرى③ئۆمرۈڭ نەخلىن④
خەسمىڭ كەبى ئەيلەگەي نەبۇدۇ فەرسۇد⑤.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئەتراپ ئالەمنى كېزىپ جاھاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مەنزىل ماكانىغا يانماق بولۇپ دامغان شەھرىگە كەلگەندە ئەجەل لەشكىرى ئۆمۈر بىناسىنى خاراب قىلماققا تەمشەلدى. ئىسكەندەر ۋەسىيەت قىلىپ دېدىكى:

«مېنى سالىدىغان جىنازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىپ ئىككى قولۇمنى چىقىرىپ قويۇڭلار، تا پۈتۈن ئالەمنى ئېلىپ ئەمدىلىكتە قۇرۇق قول كېتىۋاتقىنىمنى خەلقى ئالەم كۆرۈپ ئىبرەت ئالغاي! »

ئانامغا ئېيتىڭلاركى، ئەگەر مېنىڭ روھىمنى خاتىرجەم بولسۇن دېسە، مەن ئۈچۈن قايغۇرمىغاي. ناۋادا ئالەم ئىچىدە ھېچبىر ئەزىز ۋە مېھرىبان كىشىسى ئۆلمىگەن ئادەمنى تاپالىسا، ئۇ ھالدا قايغۇرسا، يىغلاپ ھەسرەت چەكسە مەيلى. »

— ئەي ئوغۇل، يېپنى ئۆز ھالىدا ئەشسە، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ھاجەتكە يارايدۇ. ناۋادا ھالىدىن تاشقىرى ئېشىۋەتسە، ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

بەس، ھەممە ئىشنى ئۆز ئەندىزىسىدە قىلغايسەن. خاھى دوستلۇق، خاھى دۈشمەنلىك بولسۇن، ھەر ئىشنىڭ ئەندىزىسىنى بىلمەك، ھەر ئىشنى ئۆز يولىدا بىجىرمەك ئەقىل جۈملىسىدىندۇر.

ئاجىزلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگىن گەردەنكەشلەرگە گەردەنكەشلىك قىل. ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئادەمكەرچىلىك تەرىقىنى ساقلىغىن غەزىپىڭ كەلگەن ۋاقىتتا سەبرىنى ئۈزۈڭگە ۋاجىب بىل ۋە ئۆزۈڭنىڭ مىقدارىنى تونۇ. ھەر كىشى ئۆز مىقدارىنى بىلمىسە، ئادەمىيلىكتىن چەتنەپ كېتىدۇ. مەيلى دوست، مەيلى دۈشمەن بولسۇن ئاستا، يەنى يۇمشاقلىق بىلەن سۆزلە، ھەرقاچان شىرىن سۆزلۈك بولغىن، شىرىن سۆزلۈك - سېھىرگەرلىكنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر.

كىشى بىر نېمە سورىسا، جاۋابىنى بەرگىن. كىشى قولاق سالمىغان سۆزنى دېمە. كىشىنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولمايدىغان سۆزنى ئارقىسىدىمۇ دېمە. ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلماقتىن ئايانما. قىلمىغان ئىشنى قىلدىم، دەپ لاپ ئۇرما، قىلغان ئىشلىرىڭنى تولا دەۋرمە. شېئىر:

ئىشقىڭ سۆزىن ئاشكارۇ پىنھان قىلدىم،
غەم تاغىنى كەسمەك بىلە تالقان قىلدىم.
مەئلۇم بۇ كۈن بولۇر، تاڭلاسىنى سان قىلدىم،
ھالىم .ساڭا مەئلۇم ئەمەسدۇر، مەئلۇم قىلدىم.

---

① ۋۇجۇدىن دۈشمەن، رەقىب
② نېمە پايدا
③ شامال
④ كۆچەت
⑤ يوقالماق، تۈزۈپ كەتمەك

قىلىدىغان، يەنى قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى، سۆزلەيدىغان سۆزۈڭنى ئالدىن ئويلىشىۋال. باشقا بىرسى سېنى سۆزگە تەكلىپ قىلسا، تولا زۇۋانلارلىق قىلما، نەق گەپنى قىل. [كىشىگە] ئىككى يۈزلۈك قىلما، ئەمما ئىككى يۈزلۈك كىشىدىن قاچ. يەتتە باشلىق ئەجدەرھادىن قورقما، لېكىن سۇخەنچى (چېقىمچى، ئارىدا گەپ توشۇيدىغان) كىشىدىن قورق، چۈنكى سۇخەنچىنىڭ بىر سائەت قىلغان پىتنىسىنى بىر يىلدىمۇ بېسىقتۇرۇپ بولالمايسەن. ھەرقانچە ئۇلۇغ ۋە كۈچلۈك بولساڭ-مۇ، ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلار بىلەن ئويناشما ھۆكۈمالار ئېيتقاندەك، مۇنداق ئون خىسلەتنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت، تاكى بالادىن ئەمىن بولغايسەن:

ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغ (چوڭ) كىشىلەر بىلەن ئوينىما، خىزمەتكارلارغا تولا زۇلۇم قىلما؛ ھەسەتخور كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرما؛ بېخىللار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولما؛ نادان كىشى بىلەن مۇنازىرە قىلما؛ ئورنى يوق (جاھانكەشتى) كىشى بىلەن دوست بولما؛ يالغانچىلار بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ جىدەلخور كىشى بىلەن شاراب ئىچمە؛ خوتۇنلار سۆھبىتىدە تولا (ئۇزاق) ئولتۇرما؛ ئابرۇيىمنى ساقلاي دېسەڭ، سىرىڭنى كىشىگە ئېيتما.

— ئەي ئوغۇل، تولا ئەيىب ئىزدەيدىغان كىشىدىن قاچقىن. ھەمىشە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرمىگىن. ھېچ كىشىنى ھەددىدىن تاشقىرى، زىيادە ماختىما، ناۋادا ئەيىبلەش توغرا كەلسە، مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ساڭا ھاجىتى چۈشكەن، چۈشمىگەن بولسۇن، كىشىگە غەزەپ قىلما، قورقۇتما، خارلىما، بۆلەك كىشىنىڭ ئاچچىقىنى باشقا بىراۋدىن چىقارما، ئەگەر سېنىڭ ھەققىڭدە بىرەر كىشىدىن گۇناھ ئۆتسە، كەچۈرگىن. ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە بىگۇناھ باھانە ئىزدىمىگىن.

خىزمەتكارلىرىڭنى باياشات تۇت. چۈنكى ئۇلار زىرائەتگاھىڭدۇر، زىرائىتىڭ ئوبدان بولسا، راۋاج تېپىشىڭغا سەۋەب بولىدۇ.

پەرمانىڭنى تۇتقىدەك كىشىنى خىزمىتىڭگە ئال، ئىشىم نۇقسانسىز بولسۇن دېسەڭ، بىر كىشى قىلىدىغان ئىشقا ئىككى كىشىنى بۇيرىما.

دانالار ئېيتقانكى: «بىر قازان ئاشنى ئىككى كىشى پىشۇرسا، مەززىسى بولماس؛ ئىككى خوتۇن بىر ئۆيدە بولسا ئۆي پاكىز تۇرماس». شېئىر:

ئىككى خاتۇنغە بىر ئۆي بولسە مەسكەن[1]،
ئارىغلىق تۇتمە كۆز ئول ئۆي ئىچىدىن.

ناۋادا كىشىنىڭ قول ئاستىدا — پەرمانىدا بولساڭ، خوجايىنىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈم يورۇق بولسۇن، ئىشىمدىن نۇقسان كۆرۈلمىسۇن، دېسەڭ، بۇيرۇلغان ئىشىڭدا كىشىنى شېرىك قىلما.

دوست ۋە دۈشمىنىڭگە ئوخشاشلا مەرھەمەت كۆرسەت. ئەگەر بىرسى گۇناھ ئۆتكۈزسە، قاتتىق غەزەپ قىلىپ كەتمە، [باشقىلارنىڭ] غەيۋەت - شىكايەتلىرىگە قۇلاق سالما، يوقىلاڭ ئىشلارنى دەپ خۇسۇمەت پەيدا قىلما، ئازغىنە گۇناھىنى دەپ كىشىنى ئازاب - ئوقۇبەتكە سازاۋەر قىلما، ھەر ئىشتا سېخىيلىق، ئەپۇچانلىق يولىنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت، شۇندىلا كىشىلەر تىلىدا ياخشى نامىڭ مەشھۇر بولغۇسىدۇر.

(داۋامى بار)

(ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسىنت)

---

① تۇرار جاي، تۇرالغۇ، ماكان

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

## شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ زىكرى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ بايانى

شاھمۇھەممەد سۇلتان بولسا سۇلتان مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئوغلى، سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان بولسا سۇلتان مەھمۇدخان ئىبنى يۇنۇسخاننىڭ ئوغلىدۇر.

شاھىبېكخان سۇلتان مەھمۇدخاننى ھەممە پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە شەھىد قىلغان ۋاقتىدا شاھمۇھەممەدسۇلتان تېخى كىچىك بالا ئىدى، شاھىبېكخاننىڭ ئەمىرلىرىدىن بىر ئەمىرنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى، شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرمەي پىنھان ساقلىدى. شاھىبېكخان ئۆلتۈرۈلۈپ، بابىر پادىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلغان ۋاقتىدا، ئۇ ئەمىر شاھمۇھەممەد سۇلتاننى قاچۇرۇپ، بابىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ شاھمۇھەممەد سۇلتان بابىر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۆزبېكلەر بۇ يەرنى قايتىدىن ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، بابىر پادىشاھ كابۇلغا كەتتى. شاھمۇھەممەد سۇلتان بەدەخشاندا، مىرزا-خاننىڭ قېشىدا قالغانىدى، قەشقەر ئىشغال قىلىنغان چاغدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خاننىڭ مۇلازىمىتىگە كەلدى. خان، نەزم[2]:

ئاتاسىزغە سال مەرھەمەت سايەسىن،
قىلىپ لۇتف تۇتغىل بىيىك پايەسىن.
چۇ كۆرسەڭ يەتىمى سەرئەفكەندەنى،
ھەرام ئەيلە فەرزەندىگە بۇسەنى.

دېگەن مەزمۇن بويىچە شاھمۇھەممەد سۇلتاننى ئۆز پەرزەنتىدىنمۇ ئەزىزراق كۆرەتتى.

---

① بېشى ئۆتكەنساندا.

② بۇ سۆز پارسچە بىرنەچچە نۇسخىدا «مەسنەۋى» دېيىلگەن.

دائىم ئۇنىڭغا ئاتىلىق نەزىرى ۋە شەپقىتىنىڭ سايىسىنى سالاتتى. شاھمۇھەممەد سۇلتانمۇ خانىنىڭ خاس ھوزۇرىدا پەرزەنت قاتارىدا ھەممىشە ھازىر ئىدى. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە خان تۇغقانلىق زەنجىرىنى مەھكەم ۋە مەرھەمەت ئالاقىسىنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاتا بىر ئانىمۇ قان ـ قېرىنداش سىڭلىسى خەدىچە سۇلتان خانىمنى شاھمۇھەممەد سۇلتانغا نىكاھلاپ بەردى.

پېقىر بىلەن شاھمۇھەممەد سۇلتانىنىڭ ئارىسىدا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئالاقىسى شۇ قەدەر چىڭ باغلاندىكى، نەزم①:

مەن بولۇپ جانانۇ جانان بولدى مەن،
گويىيا بىر روھ بولدۇق ئىككى تەن.

كۆپ ۋاقىتلاردا بىر ـ بىرىمىز بىلەن سۆھبەتداش بولاتتۇق. شاھمۇھەممەد سۇلتان، بابا سۇلتان ۋە پېقىر توققۇز يىل مۇددەت ئىچىدە خانىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولدۇق، گوياكى «سەئىد» (سعيد) دېگەندىكى «سىن» (س) ھەرپىنىڭ چىشلىرىدەك ھەرگىز خىزمەتتىن ئايرىلمايتتۇق. ھېچ سائەتتە ھېچبىر سەۋەب بىلەن مۇلازىمەتتىن يىراقلاشمايتتۇق، دىن ۋە دۇنيالىقتىن ھەر قايسىمىزنىڭ ھەر قانداق نەرسىسى بولسا، ئۇنىڭغا يالغۇز ئىگىدارچىلىق قىلمايتتۇق، ئۇ گوياكى بىز ئۈچۈن ئورتاق مۈلۈك ئىدى. ئەگەر بىر ـ بىرىمىزگە مىننەت قىلغۇدەك ئىش سادىر بولسا، ئۇ خىل مىننەتنىڭ مەزمۇنى ھېچقايسىمىزنىڭ خاتىرىمىزنىڭ ئەتراپلىرىغىمۇ يېقىن بولمايتتى. ئەگەر ئۆزرە ئېيتىشقا تېگىشلىك بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۆزرىنىڭ مەزمۇنى كۆڭۈل سەھىپىسىگە پەيدا بولمايتتى. ھەرقانداق ئىش سادىر بولسا بىر ـ بىرىمىزدىن رازى ئىدۇق، ھەر جەھەتتە بىر ـ بىرىمىزگە مىننەتدار ئىدۇق، خۇددى دوستلۇقنى تەرىپلەپ مۇنداق ئېيتىلغىنىدەك، نەزم②:

ئۆزر ئايغالى قويماغاي چۇ بەرسەڭ ئازار،
لۇتف ئەتكەي، مىننەت ئەتمەگەي ئول ئىزھار.
يار ئىستەر ئېسەڭ ئۇشبۇ سىفەت تاپغىل يار،
مۇنداغ ئەمەس ئېرسە، يار تۇتمە زىنھار.

ھەقىقەتەنمۇ توققۇز يىل ئىچىدە ئەنە شۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەت تىكلەنگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەنىدى. ئەمما، ئوچۇق ۋە روشەنكى، بۇ قىلىقى سەت تەتۈر پەلەك ھەققىدە مۇنداق ئېيتىلغىنىدەك، نەزم:

مېھر ئېتەر دىلبەرۇ ئەمما ۋەفا قىلماغۇسى،
مېھرىگە بەرمە كۆڭۈل، غەيرى جەفا قىلماغۇسى.
ئىزدەمە ھەجر، بىلۇرسەنكى، ۋەكىلانى سىپىھر،

① بۇ سۆز پارىسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «بەيت» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «رۇبائىي» دېيىلگەن.

قويمىغاي ۋەسل ئېتىبان تاكى جۇدا قىلماغۇسى.

ئۈچرىشىش ۋە ئالاقە رىشتىلىرىنى چىڭىتقان دوستلار ئىچىدە ئۈزۈلۈش ۋە ئايرىلىش خەنجىرىدىن ياردار بولمىغان بىرىمۇ يوق. بىر - بىرى بىلەن دوست بولغانلار ئىچىدە شەپقەتسىز پەلەكنىڭ ئاپتى تۈپەيلىدىن جۇدالىق زەنجىرىگە گىرىپتار بولمىغانلار زادىلا يوق. نەزم:

كۆڭۈل قايانغەكى بەرسەم، ئەسىرى ھىجرانىمەن،
ۋىسال كىمگەكى تاپسام، جۇداۋۇ نالانىمەن.

بۇ ماقالىنى تەستىقلايدىغان ئەھۋال ۋە بۇ دەۋاغا گۇۋاھ بولىدىغان ھالەت شۇكى، بابا سۇلتان قاچقاندىن كېيىن، شاھمۇھەممەد سۇلتانغىمۇ شۇ قىشتا ئاجايىپ بىر ئىش دۇچ كەلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

باباسەييىد ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ مىرزا بەگچەكنىڭ ھامىيسىنىڭ ئوغلى ئىدى. شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ كۆڭلىگە ئۇنىڭ مۇھەببىتى چۈشتى. باباسەييىد بولسا ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان، چېكىدىن ئاشقان، پاكلىق لىباسلىرىنى غۇنچىدەك پارە- پارە قىلغان، مالامەت تىكەنلىرىدىن گۈل كەبى قورقۇمسىز ۋە بىپەرۋا يىگىت ئىدى. شاھمۇھەممەد سۇلتان بىلەن باباسەييىدنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت زەنجىرى مەھكەم باغلانغانىدى. كېيىن شاھمۇھەممەد سۇلتاننى نۇرغۇن تىرىشچانلىق ۋە ئۇرۇنۇشلار بىلەن پاكلىق ۋە تەقۋادارلىق يولىغا دالالەت قىلدىم، ئەمما شاھمۇھەممەد سۇلتان، مىسرا:

ئەلۋىدە، ئەي زۇھدۇ تەقۋا، ئەلفىراق، ئەي ئەقلۇ دىن.

دېگەندىن ئۆزگە جاۋاپ بەرمەيتتى ۋە باباسەييىددىن كۆڭۈل ئۈزمەيتتى، كۈندىن كۈنگە بەتقىلىقلىقتا قاراپ ھەرىكەت قىلاتتى، نەزم:

بولدى يەنە سەيرى چەمەن ئارزۇ،
جىلۋەئى گۈل سەرۋى سۇمەن ئارزۇ.
تەۋبە قىلىپ ئىردىمۇ كەلدى بەھار،
بولدى يەنە تەۋبە شىكەن ئارزۇ.

خان بىلەن پېقىر قانچە نەسىھەت قىلدۇق، پايدىسى بولمىدى. ئۇنىڭ مۆتىدىللىكتىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئاخىر شاھمۇھەممەد سۇلتاننى قوغلاشتىن باشقا چارە قالمىدى. نەزم:

چۈن نەسىھەت بىلە تۈزەلمەسە كار،
بەس ھەقارەتكە يول تاپار ناچار.

شاھمۇھەممەد سۇلتاننى باباسەيىد ۋە بىر قانچە مۇلازىملىرى بىلەن قارا تېكىن تەرەپكە ماڭدۇردى. ئەمىرلەردىن مۇھەممەدى بارلاس، ئەمىر جاناكا قاتارلىق ئىككى ئەمىرنى بۇلارنى قارا تېكىنكە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن قوشۇپ بەردى. ئەمما، ئەمىر جاناكا يولدا بارغىچە قارشىلىشىپ، شاھمۇھەممەد سۇلتاننى باشقا بىر تەرەپكە ئېلىپ بارماقچى بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئەمىر مۇھەممەدى ئەمىر جاناكانى تۇتۇپ باغلىدى. باباسەيىد شاھمۇھەممەد سۇلتاننى ئەمىر جاناكانى قۇتقۇزۇشقا تەرغىپ قىلدى، ئۇ:

— ئەمىر جاناكا سىزگە ساداقەتمەنلىك قىلىپ بۇ مېھنەتكە مۇپتىلا بولدى، شۇڭا ئەمىر مۇھەممەدىدىن ئۇنى زورلۇق بىلەن ئاجرىتىپ ئالغايسىز، — دېدى.

شاھمۇھەممەد سۇلتان بۇ سۆزگە ئالدىنىپ، قايتىپ كەلدى. تاڭ كېچە بىلەن ئۇلار تۇرغان جايغا يەتتى. ئۇلارمۇ ئاشۇنداق ئەندىشە بىلەن مۇكەممەل قۇراللىنىپ تۇرۇشقانىدى. سۇلتان كېلىپ:

— ئەمىر جاناكانى قويۇپ بېرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇلارمۇ ۋارقىراپ:

— ھەر قانداق كىشى بولساڭ ئارقاڭغا يانغىن، بولمىسا ئوق ياغدۇرىمىز! — دېدى.

سۇلتان ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئىشىتتى. لېكىن ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. «كېچە دېگەن زالىم پادىشاھقا ئوخشاش» دېگەندەك، ئۇ كىشىلەر ئوق ئېتىشقا باشلىدى. راست دېگەندەك بىر ئوق كېلىپ شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ، تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ شۇ ھامان ھەققە جان تاپشۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاتتىق سۈرەن چوقان پەيدا بولدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى، خۇسۇسەن «ھەرقانداق كىشى بولساڭ يانغىن، بولمىسا ئوق ياغدۇرىمىز» دېگەن كىشىلەر قېچىپ كەتتى. بەزىلىرىگە خان نۇرغۇن ۋەدىلەر بىلەن تەسەللى بەردى.

بۇ ئەھۋال يۈز بەرگەن ئەسنادا، بابا سۇلتان خەتلان ۋە قۇندۇزغا قېچىپ بېرىپ، پۇشايمان قىلىپ يېنىپ كەلدى. خان پېقىرنى بابا سۇلتاننى قايتۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇدى. پېقىر بېرىپ، ئۇنىڭ يول ئوزۇقى ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلىرىنى تەييارلاپ بېرىپ، يولدىن ياندۇردۇم. بۇ ۋەقە يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى.

شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئايالى خاننىڭ سىڭلىسى ئىدى، سۇلتانىنىگار خانىم ۋە دۆلەت سۇلتان خانىملار ھەم خاننىڭ ھامىسى ھەم شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئاتىسىنىڭ ھامىسى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خانغا: «شاھمۇھەممەد سۇلتاننى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدىڭىز، نېمىشقا ئۇنى بىگۇناھ ئۆلتۈردىڭىز؟!» دەپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار خاننى تولا تەڭلىككە سالدى. خان نەچچە خىل قەسەملەرنى قىلىپ:

— مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ئەمەسمەن، بۇ ۋەقەدىن خەۋىرىم يوق، — دېدى.

— ئانداغ بولسا، — دېدى ئۇلار بىردەك، — مۇھەممەدىنى بىزگە بېرىڭ، شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئورنىدا ئۇنىڭدىن قىساس ئالىمىز!

خانمۇ مۇھەممەدىدىن قىساس ئېلىشقا رازىلىق بەردى. مۇھەممەدى بولسا ماڭا ۋە تاغامغا ئىلتىجا قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەدى بارلاس رەشىد سۇلتاننىڭ مۇلازىمى ئىدى. رەشىد سۇلتانمۇ تاغام بىلەن پېقىرنى ئىزدەپ تولا تەكىتلەپ:

— ئەلۋەتتە مۇھەممەدىنىڭ خالاسلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ سايە - سەۋەب قىلغايسىزلەر، — دەپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىلتىماسلار قىلدى.

شۇڭا، پېقىر ئۇنىڭ تەرەپدارى بولدۇم، خالىي ئورۇندا خانغا شۇنچە كۆچەپ ئەرز

قىلدىم:

— سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز بولمىش سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى كەتتى. ھازىر ئۆز قېرىندىشىڭىز بولغان مۇشۇ بىر سۇلتانلا قالدى. ئەگەر مۇھەممەدىنى ئۆلتۈرسىڭىز ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ، پېقىر كەمىنىمۇ ئازار يەيمەن، چۈنكى مۇھەممەدى بىرلە تۇغقانچىلىقىم بار، — دەپ، بۇ ھەقتە خانغا كۆپتىن كۆپ ئىلتىجا قىلىپ يالۋۇردۇم.

شۇڭا، خان ئۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى ماڭا تاپشۇردى ۋە:

— سېنى بۇ ئىشتا ساھىب ئىختىيار قىلدىم، خاھى قىساس ئالغىن، خاھى قويۇپ بەرگىن، ئىختىيار سەندە، — دېدى.

ئەمما، يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان خانىملارنىڭ بەزىسى ئانامنىڭ سىڭلىسى، بەزىلىرى ئاتامنىڭ سىڭىللىرىنىڭ قىزلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ماڭا يۈزلەندى ۋە تەنە، تەنبىھ ۋە ھاقارەتلەرنى قىلىپ:

— ئۇ بارلاسنىڭ ساڭا بولغان تۇغقانچىلىقىنىڭ قانچىلىك تايىنى بار ئىدى؟ ئۇنىڭ تۇغقانچىلىقىنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىمەن دەپ، مۇنچىۋالا مۇھىم ئىشقا كىرىشمەيۋاتىسەن؟ قىساس ئالماسلىقنى ئىختىيار قىلىۋاتىسەن، مۇھەممەدى بارلاسقا سېلىشتۇرغاندا شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ساڭا بولغان تۇغقانچىلىقى نەچچە دەرىجە زىيادە ئەمەسمۇ؟ مۇھەممەدى بارلاس گەرچە ئاتاڭنىڭ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقان بولسىمۇ، لېكىن شاھمۇھەممەد سۇلتان ئۆزۈڭنىڭ ئاناڭ بىلەن بىر تۇغقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھمۇھەممەد سۇلتان سېنىڭ دوستۇڭ ھەم سۆھبەتداش ئاغىنەڭ ئىدىغۇ؟! يەنە تېخى ئاناڭنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزى خەدىچە سۇلتان خانىم ئۇنىڭ ئايالى تۇرسا، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسى، تاغىسىنىڭ قىزى سېنىڭ نىكاھىڭدا تۇرسا، خوش، شاھمۇھەممەد سۇلتان بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا مۇشۇنچىۋالا تۇغقانچىلىق ھەققى ۋە ئالاقىسى بار تۇرۇقلۇق، مۇھەممەدى بارلاسنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى ساقلىساڭ، ئۇنىڭدىن قىساس ئالماي، ئۇنى قويۇپ بېرىشنى خالىساڭ، بۇ راۋامۇ؟! — دەپ خانىملار شۇنچىۋالا تەنە ۋە مالامەتلەرنى ياغدۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن پاك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە پەلەكنىڭ قىسمىتى شۇنداق ئىكەن، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بۇ ھەق سۆزلىرىنى رازىلىق قۇلىقى بىلەن ئىشىتمىدىم، ھەق ئىشتىن يۈز ئۆرۈپ، باتىل (ناھەق) تەرەپكە قەدەم قويدۇم، يەنى مۇھەممەدى بارلاستىن قىساس ئېلىشقا رازىلىق بەرمىدىم. مۇھەممەدىنى تاغامغا تاپشۇردۇم. تاغام ئۇنى قەشقەر تاغلىرىدا قاچۇرۇپ ساقلىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن پېقىر بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ئارىسىدا كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولدى. كۆڭۈلدىكى بۇ كىر - غۇبارلار نەچچە مۇددەتلەردىن كېيىن ئاندىن يوقالدى.

دېمەك، مۇشۇنداق مۈشكۈل قىيىنچىلىقلار بىلەن مۇھەممەدىنى خانىملارنىڭ قولىدىن خالاس قىلدىم. شۇ ئارقىلىق تاغامغا ۋە تاغامنىڭ ئەۋلادىغا نىسبەتەن بىر جالالەتنى پەيدا قىلدىم. مىسرا:

ئۆز ئىلكىم بىرلە تاپتىم بىر بەلايى.

ئەي تەڭرىم، تەۋبە قىلدىم، يەنە تەۋبە قىلدىم، ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، مەن بۇ ناھەق ئىشنى قىلدىم، شۇڭا پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىم بىزلەرگە دەل شۇ مۇھەممەدىنى كۆشەندە قىلدى. ناھەق ئىشنىڭ ھەقىقەتەن زىياندىن ئۆزگە نەتىجىسى يوقتۇر.

مۇھەممەدنى پېقىر ۋە تاغام ئۆلۈمدىن خالاس قىلغانىدۇق، بۇ مۇھەممەدى تاغامنى، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈشتە ۋە پېقىرغا زىيانكەشلىك قىلىشتا ھېچ كەم - كۈسىنى قويمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى زالىمغا ياردەم بەرسە، خۇدايىتائالا ھامان ئاشۇ زالىمنى شۇ كىشىگە كۈشەندە قىلىدۇ» دېگەنىدى، بەيت:

يامانغە ياخشىلىق قىلماق بىتەھقىق،
ئېرۇر ياخشىغە قىلغانەك يامانلىق.

ئەي تەڭرىم، سېنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە شۇ ئىش خۇسۇسىدا سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەنكى، ھەر قانداق ئىش بۇ دۇنيالىقنىڭ مەسلىھىتىدە مۇۋاپىق بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتتە ئۇ ئىش ئاخىرەتلىك ئۈچۈن زىيانلىق بولسا، ئۇ ئىشنى ماڭا قىلدۇرمىغايسەن. شۇ ھەقتە سېنىڭدىن تەۋپىق تىلەيمەنكى، سېنىڭ رازىلىقىڭ بولمىغان ھەرقانداق ئىشنى تاشلىغايمەن، ھەممە ئىشلىرىمدا باتىلنىڭ ئورنىدا ھەقىقەتنى بەرپا قىلىپ بەرگەيسەن، زالىملارغا يانىياق بولۇشتىن ۋە ئۇنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، مۇسۇلمانلارغا يار - يۆلەكتە بولىدىغان ۋە ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغايسەن. سالىھلار بىلەن دوست بولۇشقا، ئۇلارنى دوست تۇتۇشقا نېسىپ قىلغايسەن. مۆمىنلەرگە يار ۋە ياخشى كىشىلەرگە يېقىن قىلغايسەن؛ زالىملارنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن يىراق قىلغايسەن. غاپىللارچە ئۇيقۇغا كېتىشتىن توسقايسەن. ئەي چەكسىز مېھرىبان تەڭرىم، ماڭا رەھىم - شەپقەت قىلغايسەن.

## رەشىد سۇلتاننىڭ پېقىر بىلەن بەلۇرغا غازات ئۈچۈن بارغانلىقى

ۋاقتىكى، شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ۋەقەسى يۈز بەردى. شۇ سەۋەبتىن ئورۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولدى. شۇ يىلى قىشتا خان رەشىد سۇلتان بىلەن پېقىرنى بەلۇرغا غازاتقا بۇيرۇدى. بىزمۇ ئاشۇ كۈنلەردە بىر قانچە كۈن بولسىمۇ ئورۇق-تۇغقانلاردىن يىراق بولۇدىغانلىقىمىز ئۈچۈن خوش بولۇپ، تېزلىكتە غازاتقا يۈرۈش قىلدۇق.

بىلمەك كېرەككى، بەلۇر بولسا كۆپارلار يۇرتىدۇر. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى تاغ خەلقىدۇر. ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ دىن ۋە مەزھىپى يوق، ئۇلار ھېچ ئىشتىن پەرھىز قىلمايدۇ ۋە ئۆزىنى تارتمايدۇ، كۆڭلى قايسى ئىشنى خالىسا ۋە نېمە خوشياقسا شۇنى قىلىدۇ.

بەلۇرىستاننىڭ كۈن چىقىش تەرىپى قەشقەر ۋە ياركەنت ۋىلايىتىگە تۇتاش، شىمال تەرىپى بەدەخشانغا، غەرب تەرىپى كابۇلغا، جەنۇپ تەرىپى كەشمىر دىيارىغا تۇتاشدۇر. ھەممە بەلۇرىستاننىڭ ئىچى ۋە تۆت ئەتراپى تۆت ئايلىق بولدۇر، ئۇنىڭ ھەممىسى تاغ، جىلغا ۋە تار يەرلەردىن ئىبارەت. مۇبالىغە يۈزىسىدىن پۈتكۈل بەلۇرىستاندا بىر پەرسەڭمۇ تۈز يەر يوق دېيىشكە بولىدۇ.

بەلۇر خەلقى كۆپ خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچ كەنتى بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاق

ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا داۋاملىق قىرغىنچىلىق بولۇپ تۇرىدۇ. جېدەل - ماجىرا ئۈزۈل-
مەي داۋام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جەڭلىرى كۆپىنچە مۇنداق يوسۇندا بولىدۇ. ئايال ۋە ئاجىزلى-
رى ئىمارەت ۋە تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ سۈلھى
- سالا قىلىدۇ. ئۇلار ئەگەر تاماق يەيدىغان ۋاقتى بولسا، بىر - بىرلىرىگە ھىيلە ئىشلەتمەس-
تىن جەڭنى توختىتىدۇ ۋە بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆيلىرىگە كېلىپ تاماق يەپ
بولغاندىن كېيىن يەنە كېلىپ جەڭ قىلىدۇ. ناماز دېگەر ۋاقتى بولسا يەنە خوتۇنلىرى ئارىغا
كىرىپ سۈلھى قىلىدۇ ۋە ئەتىسى جەڭ قىلىشنى قارار قىلىشىپ، ئۆيلىرىگە يېنىشىدۇ.
گاھىدا سۈلھى بىر يەرگە قارار تاپماي قالىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئۆيلىرىنى
مەھكەم تاقاپ، ئۇخلىماي، تەييار ھالەتتە تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممە ئۆمرى
ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ يايلاقلىرى ئاز بولغاچقا چارۋىلىرىمۇ كەم. ئاز - ئازدىن
قوي ۋە ئەچكۈلىرى بار، ئۇلارنىڭ يۇڭىنى كىيىم قىلىشىدۇ. جۈملىدىن ياغ ۋە سۈت
قىلغۇدەك كالىلىرىمۇ بار، ئۇنىڭدىن زىيادە چارۋىسى يوق. ھەربىر جىلغىنىڭ قوۋمىنىڭ
زۇۋانلىرى باشقىچە بولۇپ، ھېچ قايسىلىرى بىر - بىرىنىڭ تىلىنى بىلىشمەيدۇ. چۈنكى
ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا ھەمىشە جەڭ ۋە دۈشمەنلىك بار. شۇڭا ئۆمرىلىرى ئىچىدە ئاشۇ جىلغى-
دىن بۆلەك يەرنى كۆرمەي ئۆتىدۇ.

ئەمما، بەلۇرىستاندا ئوبدان باغلار ۋە ياخشى مېۋىلەر تولا، بولۇپمۇ ئانىرى ئوبدان ۋە
كۆپتۇر. بىر خىل ئانار باركەن، مەن ئۇنداق ئانارنى بەلۇرىستاندىن باشقا جايدا كۆرمىدىم،
ئۇنىڭ دانىلىرى ناھايىتى سۈزۈك ۋە پاكىزە، تاتلىق ۋە تەملىكتۇر، ئۇ يەردە ھەسەلمۇ تولا.

دېمەك، شۇ زىمىستاندا بىز بەلۇردا ئىدۇق، قاتتىق جەڭلەر يۈز بەردى. غەلىبە ۋە
نۇسرەت بىز تەرەپتە ئىدى. تاكى باھار ۋاقتىغىچە تۇرۇپ، ئاندىن ساق - سالامەت سارىغچوپان-
غا كېلىپ ئولجا - غەنىمەتلەرنى ئايرىدۇق، مىڭدىن كۆپرەك ئەسىر بار ئىدى.

تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز تۆت بولغاندا، باش باھاردا خاننىڭ ① خىزمىتىگە يېتىپ
كەلدۇق. شۇ يىلى يازدا سۇلتانىنىگار خانىم - ئۇنىڭ ئېتى بۇ كىتابنىڭ بىر قانچە يېرىدە
زىكىر قىلىنىدى - بەزگەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. تەڭرى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى
كەچۈرگەي. پېقىر ئۇنىڭ ۋاپاتى تارىخىنى «خۇلدەش» (خلدش - جەننىتي) دېگەن ②
سۆزدىن چىقارغانىدىم.

## خاننىڭ ئىككىنچى قېتىم بەدەخشان ئۈستىگە بارغانلىقى، ئۇنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئاشۇ كۈنلەردە دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز ئالتە بولغان ③ ئىدى. بابىر پادىشاھ ھۇمايۇن مىرزىنى

---

① ھىجرىيە 934 - يىلىنىڭ باش باھار مەزگىلى مىلادىيىنىڭ 1528 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ

② «خۇلدەش» (خلدش) دېگەن سۆز ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 934 - يىلنى مىلادىيىنىڭ 1528 - يىلنى كۆرسىتىدۇ.

① بۇ يىلنامە بۇ يەردە 936 دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان. باشقا بارلىق نۇسخىلاردا ۋە بۇ قول يازمىنىڭ سەل تۆۋەندە 935 دېيىلگەن. ھىجرىيە 935 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1528 - 1529 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ھىندىستانغا ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى شۇكى، مىرزاخان ئىبنى سۇلتان مەسئۇد مىرزا ئىبنى ئەبۇ سەئىد مىرزا بەدەخشانغا پادىشاھ ئىدى. ئۇ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ سۇلەيمان شاھ ئاتلىق بىر نارەسىدە ئوغلى قالدى. بابىر پادىشاھ سۇلەيمانشاھنى ئۆز ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەتتى، بەدەخشاننى چوڭ ئوغلى ھۇمايۇن مىرزىغا بەردى. تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز بەش بولغىچە ھۇمايۇن مىرزا بەدەخشاندا ئىدى.

ۋاقتىكى، بابىر پادىشاھ ھىندىستاننى ئىشغال قىلىپ، مەملىكەتنى دۈشمەن خەس-خەشەكلە-رىدىن پاكلاندى. شۇ ۋاقىتلاردا بابىر پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھۇمايۇن مىرزا ۋە كامران مىرزا قاتارلىق ئىككىسى ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. بابىر پادىشاھ ھۇمايۇن مىرزىنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ بەدەخشانغا كىشى ئەۋەتتى، ئۇنىڭ خىيالى پەرزەنتلىرىدىن بىرى ھەمىشە خىزمىتىدە بىللە بولسا، ناۋادا تەقدىر خەۋەرچىسى ئۆلۈم ئۇچۇرىنى يەتكۈزسە ئىزىنى باسقاي، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ھۇمايۇن مىرزىنىڭ ھىندىستانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى.

بەدەخشان ئەھلى ھۇمايۇن مىرزىغا مۇنداق ئەرز قىلدى:

— بەدەخشان ئۆزبېكلەرگە يېقىندۇر. ئۆزبېكلەرنىڭ بەدەخشانغا قارىتا كونا ئاداۋىتى بار. ئەگەر ئۆزبېكلەر بەدەخشانغا قەست قىلسا، ئەمىرلەر ئۇنى يوقىتىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

— ئېيتقىنىڭلارنىڭ ھەممىسى راست، — دېدى ھۇمايۇن مىرزا، — لېكىن ئاتامنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇنتاۋلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئەمما، ئىنىلىرىمدىن بىرەرسىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئەۋەتەرمەن.

ھۇمايۇن مىرزا شۇنداق دەپ خەلققە تەسەللى بېرىپ ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقتى.

ھۇمايۇن مىرزا كەتكەندىن كېيىن خالايىق مەيۇسلەندى. شۇڭا، سۇلتان ئۇۋەيس باشلىق پۇتكۇل بەدەخشان ئەمىرلىرى خاننىڭ پەلەكتەك يۈكسەك بارگاھىغا تېزلىكتە كىشى ئەۋەتتى ۋە مۇنداق ئەرز قىلدى: «ھۇمايۇن مىرزا ھىندىستانغا كەتتى، بۇ ۋىلايەتنى پېقىر ئەلگە تاپشۇردى. پېقىر ئەلى ئۆزبېكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. شۇ سەۋەبتىن بەدەخشاندا خاتىرجەملىك ھاسىل بولمايدۇ. ئەگەر پالان ۋاقىتقىچە يېتىپ كەلسىلە ياخشى بولغىنى، بولمىسا ئۆزبېكلەرگە تەۋە بولماي ئىلاجىمىز يوق. چۈنكى، ئۆزبېكلەر بىزگە يۈزلەنسە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا قۇدرىتىمىز يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا تەۋە بولساق، بۇ خالاس بولۇشىمىزغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن بەدەخشان ۋىلايىتى خاننىڭ مومىسى شاھبېكەم تەرەپتىن خاننىڭ مىراسىدۇر. مۇشۇ كۈنلەردە بۇ مىراسقا خاندىنمۇ ھەقلىق ۋە مۇۋاپىق كىشى يوقتۇر.»

ئۇلار شۇنداق دەپ نۇرغۇن مۇبالىغىلەر بىلەن ئەرز ۋە ئىلتىجا قىلدى. خان ئەگەر ئۆزى بارمىسا، بەدەخشان ئۆزبېككە تەۋە بولۇپ كەتكۈدەك، دەپ جەزىملەشتۈرۈپ، تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز ئالتە مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاۋۋىلىدا[1] بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى. رەشىد سۇلتاننى ياركەنتتە قالدۇرۇپ قويدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك تاھىرخان تەنھا قالدى. زىمىستاندا قىرغىز ۋە ئۇنىڭ تاۋەلىكلىرى پاراكەندە بولدى. خان ئالىي ھىممەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق چېقىلمىدى، شۇڭا نەچچە مۇددەت-

① ھىجرىيە 936 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاۋۋىلى مىلادىيە 1529 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

كىچە قىرغىزلار ئىچىدە يۈردى. يەنە ئوتتۇز مىڭ ئۆز بېك ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. تاھىرخان قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ھەر تەرەپكە تاجاۋۇز قوللىرىنى سوزۇشقا باشلىدى. شۇڭا، خان ئېھتىيات يۈزىسىدىن رەشىد سۇلتاننى قەشقەر ۋىلايىتىدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى. سارىغچوپانغا يەتكەندە خان پېقىرنى ئالدىن ماڭدۇردى. ئۆزىمۇ پېقىرنىڭ كەينىمدىن راۋان بولدى.

پېقىر بەدەخشانغا بېرىپ ئاڭلىدىمكى، ھۇمايۇن مىرزا كابۇلدىن ئىنىسى ھىندال مىرزىنى ئۆز ئورنىغا بەدەخشانغا ئەۋەتىپتۇ. ھىندال مىرزىنىڭ بەدەخشانغا كېلىپ ئورۇنلاشقىنىغا ئون بەش كۈن بولۇپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پىكىر قىلدىمكى، ھازىر جەدى پەسلى، قىش ۋاقتى، قايتىش مۇشكۇل ۋە دىشۋاردۇر. شۇڭا ئىلاجىسىز زەپەر قەلئەسىگە كەلدۇق. ھەرقانچە سۇلھى سۆزلىرىنى ئارىغا سېلىپ باقتۇق. «بەدەخشاننىڭ بەزى ۋىلايەتلىرىنى بىزگە بېرىڭلار، قىشنى ئۆتكۈزىۋالايلى، ئاندىن ۋىلايىتىڭلارنى ئۆزۈڭلەرگە قايتۇرۇپ بېرىپ، خان قايتىپ كېتىدۇ» دەپ كۆچەپ تەكىتلىدۇق. ئەمما، ئۇلار بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزگە ئىشەنمىدى، بەلكى بۇنى ھىيلە - مىكىر دەپ گۇمان قىلىشتى. ئاخىر ئىشىمىز جەڭگە قارار تاپتى. خان يېتىپ كەلگۈچە پېقىر زەپەر قەلئەسىنىڭ ئەتراپىنى تالان - تاراج قىلىپ، مال - مۈلۈك، چارۋا ۋە دۇنيالىق ھەممە نەرسىنى يىغدۇردۇم.

نەچچە كۈندىن كېيىن خانمۇ يېتىپ كەلدى - دە، زەپەر قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلدى. پېقىرنىڭ دەخلە - تەرۇزۇم يەتمەي قالغان جايلارنىمۇ خاننىڭ لەشكەرلىرى پايمال قىلدى.

قىش پەسلى ئاخىرلاشتى. ئۇ ئەمىرلەر خاننىڭ خىزمىتىدە بولمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزرىلەر ئېيتىپ:

— ئەگەر ھىندال مىرزا كەلمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە خاننىڭ مۇلازىمىتىگە باش قوياتتۇق، — دېيىشتى.

— بابىر پادىشاھ بىلەن مۇخالىپلىق قىلىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، — دېدى خان ئۇلارغا، — سىلەر «ئەگەر كەلمىسىلە ئۆزبېككە تەۋە بولىمىز» دەپ تولا ئىلتىجا قىلىپ كىشى ئەۋەتتىڭلار، ئەگەر ئۆزبېكلەر بەدەخشاننى ئىشغال قىلىۋالسا بىزگىمۇ، بابىر پادىشاھقىمۇ توسالغۇ بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن-مەن كەلگەنىدىم. ئەگەر ئىش ئاشۇنداق بولسا، ھەركىم ئۆز ئورنىغا قايتسۇن.

خان شۇنداق دەپ زەپەر قەلئەسىدىن قەشقەرگە قاراپ يۈزلەندى.

خاننىڭ بەدەخشانغا كەلگەنلىكى ھىندىستاندا بابىر پادىشاھقا ئاڭلاندى. پادىشاھنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئەلەملىك بولۇپ، بۇ ھەقتە كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ ئويلانغاندىن كېيىن، بەدەخشانغا سۇلەيمانشاھ مىرزىنى ئەۋەتىپ، ھىندال مىرزىنى ھىندىستانغا قايتۇرۇپ كەتتى؛ ئاندىن خانغا مەكتۇپ يېزىپ: «ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا نەچچە تۈرلۈك ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ھەق - ھوقۇقلىرى ۋە ئالاقىلىرى بار تۇرۇقلۇق بۇ ئىش ئەجەپ سادىر بولۇپتۇ. شۇڭا مەن ھىندال مىرزىنى ھىندىستانغا ئېلىپ كېتىپ، بەدەخشانغا سۇلەيمانشاھ مىرزىنى ئەۋەتتىم. ئەگەر مىراس ھوقۇقىنى ئىزدىسىلە، مېنىڭ ھوزۇرۇمدا تۇرىۋاتقان سۇلەيمانشاھ مىرزا ئۆزلىرىگىمۇ پەرزەنت ھۆكمىدەدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا شەپقەت قىلىپ بەدەخشاننى شۇنىڭغا بەرسىلە ياخشى بولىدۇ. ھازىر مەن ئۆز زىممەمدىن ساقىت قىلىپ، مىراسنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇردۇم. قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلۇرلا» دېگەن سۆزلەرنى بايان قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمما، سۇلەيمانشاھ مىرزا بەدەخشانغا يېتىپ كېلىشتىن خېلى مۇددەت ئىلگىرى خان قايتىپ بولغانىدى.

شۇڭا ھىندال مىرزا پادشاھنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بەدەخشاننى سۇلەيمانشاھ مىرزىغا تاپشۇ-
رۇپ، ئۆزى ھىندىستانغا كەتتى. شۇ ۋاقىتتىن تاكى بۈگۈنكىچە سۇلەيمانشاھ مىرزا بەدەخشاندا
تۇرىۋاتىدۇ.

خان بەدەخشاندىن يېنىپ، باش باھار پەسلىدە ياركەنتكە يېتىپ كەلدى. تاغام يولدا
كېسەل بولۇپ قالغانىدى. قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە نەچچە قېتىم كېسەلگە دۇچار بولدى.
ھەم ئىستىسقا، ھەم زىققا نەپەس ھەم بەزگەك كېسلى ئۈزۈلۈكسىز قوزغىلىپ تۇراتتى. شۇ
ۋاقىتتىكى كامىل تېۋىپلاردىن، مەسىلەن جانابى خاجە ئەبدۇلۋاھىد تەھۇرى، قازى شەمسىد-
دىن ئەلى تەبىب ۋە ① باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاجىز بولدى. كېسەلنىڭ شىددىتى شۇ دەرىجىگە
يەتتىكى، ساقىيىشنىڭ ئۈمىدى قالمىدى. شۇ ھالەتتە تۇرغاندا ھەزرىتى مەخدۇمى خاجەئى
نۇرەن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — تۇرفاندىن كەلدى.

ھەزرىتى خاجەنىڭ تۇرفانغا بارغانلىقىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: مەنسۇرخان ھەزرىتى
خاجەگە ئىلتىجا قىلىپ: «ئەگەر سائادەت كەلتۈرگۈچى قەدەملىرىنىڭ بەرىكىتىدىن بۇ مۇخ-
لىسلارنى بەھرىمەن قىلسىلا كاتتا بەخت ۋە ئۇلۇغ دۆلەتتۇر. گەرچە بىز بەندەلەرنىڭ بېشىمىز
بىلەن قەدەم ئېلىپ بېرىپ، ئاستانىلىرىنى سۆيۈپ تاۋاپ قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىشىمىز جايىز
بولسىمۇ، بىراق بۇ دۆلەتنىڭ بىزگە مۇيەسسەر بولۇشى ئۆزرىلىك ۋە مۇشكۇلدۇر. شۇ
سەۋەبتىن، بېيت:

ئىنايەت ئەيلەكى يەتمەس كەمالىڭا نۇقسان،
ۋەلېك بولغۇسى بىزلەرگە تۇرفە ئىززۇ شەرەف.

دېگەن بېيتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلغايلا» دەپ تولىدىن تولا
تەكىتلەشلەر بىلەن ئىلتىماس قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن تۇرفانغا
بېرىپ، ئۇ جايدىكى ئىشتىياق سەھراسىدا چاڭقىغان مۇخلىسلارنى ۋىسالىلىرى زىلالىغا قاندۇ-
رۇپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنىدى. بېيت: ②

سېنىڭ بۇ كەلمەكىڭە [بەخت] مەرھەبا قىلدى،
چۈكۈردى پاك يۈزۈڭنى مەلەك دۇئا قىلدى③.

تاغامنىڭ ئەھۋالى شۇ يەرگە يەتكەنىدىكى، ئارقا - ئارقىدىن خۇدىنى يوقىتاتتى، بېھۇش
بولاتتى. تۆۋەنكى ئەزالىرىدىن زەرداپ ئېقىپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئىشان كەلگەندىن كېيىن
تاغامغا يۈزلەندى. ئاز مۇددەتتىن كېيىن كېسەللىكنىڭ شىددىتى سەل قايتتى، ئۇ ھەرقانداق

---

① بۇ ئىسىم باشقا نۇسخىلاردا «قازى شەمسىددىن ئەلى كىرەيىب» دېيىلگەن

② بۇ سۆز پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن.

① بۇ شېئىر موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قول يازمىسىدا مۇشۇ ئىككى بېيىت بىلەنلا كۇپايىلەنگەن. پارىسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا يەنە:

چەگۈيەمەنكى چەخۇش ئامەدى مەسىھ سىفەت،
بەيەك نەفەس ھەمە دەردى مەرا دەۋا كەردە.
تەرجىمىسى: مەسىھ سۈپەت نەقەدەر خۇش كەلدى دەپ نە ئېيتاي،
بىرلا نەپەس بىلەن ھەممە دەردىمگە داۋا قىلدى.
دېگەن مىسرالار بار.

چارە قوللانسا ھەممىسى مەنپەئەت قىلدى. ھەقىقەتەن بۇ تېبابەت ئەمەس، بەلكى كارامەت ئىدى، ئەۋلىيالىق قۇۋۋىتى ئىدى. چۈنكى، كېسەل شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى، بەدەن تەبىئىتى ئاجىزلاپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن دورىنى قوبۇل قىلغۇدەك قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت قالمىغانىدى. دېمەك، ھەزرىتى خاجەنىڭ بۇ ئىشلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئەھۋال ئىدى.

شۇ ئەسنادا ھەزرەتى خاجەئى نۇرەن بىلەن ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇفنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولدى. بۇ كۆڭۈل ئاغرىقى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتاتتى. بىر كۈنى پېقىر ھەززىتى خاجەئى نۇرەننىڭ مۇلازىمەتلىرىگە باردىم. ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ سۆھبەتلىرىدە ئولتۇرىۋاتقان ئىكەن. ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن غەزەپ بىلەن ئولتۇرغانىكەن. پېقىر كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ئېيتتىكى:

— ئەي مۇھەممەد يۇسۇف، سەن نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئىشلارنى قىلىسەن؟! ئەگەر سەن ئاتامنىڭ مۇرىدى بولساڭ، مەن بوۋىمىز خاجە ئەھرار قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ مۇرىدىمەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە بىر قانچە تۇرلۇك لاياقىتىم بىلەن سەندىن ئۈستۈن تۇرىمەن. سەن مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم بىلەن ئىملداشسەن. بۇ بارلىق پەزىلەتلىرىم بىر تەرەپتە تۇرسۇن، مەن ھەزرىتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەتكەردىسىمەن. سېنىڭ مەن بىلەن قارشىلىشىدىغانغا نېمە ھەددىڭ بار؟!

— مېنىڭمۇ ئانھەزرەتنىڭ تەربىيەتتە مەدەت بېرىشىدىن ئۈمىدىم بار، — دېدى ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن:

— ئەي مۇھەممەديۇسۇف، سەن ۋە مەن بۇ ئىشىمىزنى ئانھەزرەتكە ئەرز قىلايلى، ئىككىمىز ھەققىدە ئانھەزرەت ھۆكۈم چىقارسۇن، شۇنىڭغا رازى بولامسەن؟! — دېدى.

— ئارى، — دېدى ھەرزىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف، — رازىمەن.

— مەنمۇ رازى، — دېدى خاجەئى نۇرەن.

ئاندىن كېيىن ئۇلار ھېچ سۆز قىلىشمىدى. سۆھبەت شۇ سۆز بىلەن تامام بولدى. ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن شۇ كۈنى بەدەخشانغا قاراپ يۈزلەندى. ئاندىن بىر كىشى كېلىپ:

— ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف كېسەل بولۇپ قالدى. سىزلەرنى چاقىرىدۇ، — دېدى. پېقىر دەرھال باردىم. قارىسام قىزىتمىسى بار ئىكەن. ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف ماڭا:

— مەن بىلىمەن، خاجە خاۋەند مەھمۇد نەچچە مۇددەتتىن بىرى ماڭا تىكىلىپ تۇرىۋالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەزرىتى رىسالەتپاناھ (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام) تىن ماڭا كۆپ مەرھەمەتلەر يېتىپ تۇراتتى. ئەمدى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇ مەرھەمەتلەردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ماڭا ئېنىق مەلۇم بولدىكى، بۇ كېسەلدىن خالاسلىق تاپالمايمەن. خاجە خاۋەند ماڭا قېرىنداش بەلكى ئاتا ئورنىدا ئىدى. ماڭا مۇنچە شىددەت بىلەن تىكىلىپ تۇرىۋالمىغان بولسا بولاتتى. بىر تۇغقانچىلىق مېھرى - شەپقىتىنىمۇ تاشلىدى، ئىسىت، مىڭ ئىسىت، — دەپ مۇشۇنداق سۆزلەرنى كۆپ سۆزلىدى ۋە بىر قانچە ھېكايەتلەرنى بايان قىلدى. ئاندىن تاۋابىئاتلىرىنى پېقىرغا ھاۋالە قىلدى. ئاندىن پېقىرغا تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان بىر ئۆزبېكچە كىيىم، بىر پوتانى يادىكار تەرىقىسىدە ئىنايەت قىلدى.

پىقىر بۇ سۆزلەرنىڭ تاقابىلىدە ئۇنىڭ مەنىسىنى ياخشىلىققا جورۇپ بىر مۇنچە سۆزلەرنى ئېيتتىم، لېكىن قوبۇل قىلماستىن:

— ساقايماسلىقىم ئېنىق، بۇنىڭدا ھېچ شەك - شۇبھە يوق، — دېدى.

ئالتىنچى كېچىسى كېسىلى ئېغىرلاشتى. تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز يەتتە①، سەپەر ئېيىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئىدى②. ئۇ زاتنىڭ پاكىزە روھى پاكلىق بارگاھى تامان كۆچتى. ئۇنىڭ روھى رەھمەتكە ۋە مەغپىرەتكە ئىرىشكەي، پىقىر خاجە مۇھەممەديۈسۈفنىڭ ۋاپات تارىخىنى «تايىرى بىھىشتى»③ (جەننەت قۇشى)④ دېگەن سۆزدىن چىقاردىم.

شۇنىڭدىن كېيىن خان پىقىرنى ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ مۇلازىمىتىگە ئەۋەتتى، پىقىر ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ، ئۇ زاتنى قايتىشقا تەكلىپ قىلدىم. ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ئىلتىپات ۋە ئىنايەت قىلىپ، ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلدى ۋە قايتىپ كەلدى؛ خان ئىستىقبالىغا چىقىپ، بېشىنى ھەزرىتى خاجەنىڭ قەدەملىرىگە قويۇپ، ئۆزرە - تەقسىرلەر ئېيتىپ، كۆتۈۋالدى. خان ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۈسۈفنىڭ ھازىسىنى ئېچىپ، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ مۇلازىمەتلىرىدە سەدىقە، نەزىر، ئاش ۋە خەتمى قۇرئانلار بىلەن ئۆزاتتى.

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن يېڭىھىسارغا بېرىشنى نىيەت قىلغانىدى. خانمۇ ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇپ، يېڭىھىسارغا بىللە باردى. شۇ قىشتا ئۇلار يېڭىھىساردا بولدى. پۈتكۈل مۇرىد - مۇخلىسلار ھەزرىتى خاجەنىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى. ئۇلار ھەزرىتى خاجەدىن ئاجايىپ ھالەتلەر ۋە غارايىپ ئىشلارنى كۆرەتتى. خان ھەمىشە ھەزرىتى خاجەنىڭ سۆھبەتلىرىدە ئىدى.

## خان بىلەن ئەمىنخاجە سۇلتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق پەيدا بولغانلىقىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى ئۇزۇن، ئۇنى تەپسىلى بايان قىلساق، ئەسلى مەقسەت يىراقتا قالىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، قەشقەر ياسالى ھەققىدىكى باياندا ئىسمى زىكىر قىلىنغان مىرزا ئەلى تاغاي تاغامغا قارىتا تولىدىن تولا ھەسەت قىلاتتى. لېكىن، ئۇنى ئاشكارا بىلىندۇرمەيتتى. ئۇ ھەرقانداق تىرىشچانلىق بىلەن ئۇرۇنۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خاننىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ غەممازلىقى (چېقىمچىلىقى) دىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، خان تاغامنىڭ قىزىنى ئەمىنخاجە سۇلتانغا نىكاھ قىلىپ ئېلىپ بەرگەنىدى. ئەمىنخاجە سۇلتاننىڭ تاغامنىڭ قىزىدىن دۇنياغا كەلگەن قابىل پەرزەنتلىرى بار ئىدى. ئەمىنخاجە سۇلتان بىلەن تاغامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانلىق زەنجى-

---

① بۇ قول يازمىدا «ئالتە» يېزىلىپ قالغان. باشقا نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدە «يەتتە» دېيىلگەن. شۇڭا، تىزىمغا تۈزىتىپ ئېلىندى.

② ھىجرىيە 937 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 14 - كۈنى مىلادىيىنىڭ 1530 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

③ بۇ سۆز موللا مۇھەممەد نىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قول يازمىسىدا «تاھىر» (پاك، پاكىزە) دەپ يېزىلىپ قالغان، باشقا نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدە «تايىر» (قۇش، ئۇچقۇچى) دېيىلگەن. تۈزىتىپ ئېلىندى.

④ «تايىرى بىھىشتى» (تايىربىھىشتى - جەننەت قۇشى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەردىن ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 937 (مىلادىيە 1530) - يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

رى تاكى قىيامەتكىچە داۋام قىلغىدەك دەرىجىدە مۇستەھكەم باغلاندى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كۆڭلىگە: «خان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھېچقانداق ھىيلە - مىكىر بىلەن ئىتتىپاقسىزلىق سېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى ئەمىنخاجە سۇلتان بىلەن خاننىڭ ئارىسىدا بىر ھىيلە بىلەن تەپرىقىچىلىق چاڭ - توزانلىرىنى ئۆرلەتەي، ئېھتىمال مۇشۇنىڭ ئۆزى مەقسەتلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەگەر سەييىد مۇھەممەد مىرزا كۈيئوغلى تەرەپتە تۇرسا، خاندىن يىراقلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولسا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغىنى؛ ئەگەر خان تەرەپنى ياقلىسا، ئەمىنخاجە سۇلتاندىن ئاتلىق مېھىر - شەپقەت كۆزىنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ مىرزىنىڭ ئابرويى تۆۋەنلەيدۇ» . دېگەن خىيال يەتكەن بولسا كېرەك. بۇ پىتنە - پاسات رىجىسىنى تۈزۈپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ نورغۇن تەييارلىق، مۇقەددىمە، ئاساسىي ھەرىكەت ۋە خاتىمە ھەرىكەتلىرىنىڭ تەرتىپ ۋە تۈزۈلۈشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. نەتىجىدە زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئەمىنخاجە سۇلتان خاندىن، خان ئەمىنخاجە سۇلتاندىن ئەندىشە قىلىدىغان، ۋەھىمە قىلىشىدىغان بولۇشتى.

بۇ تەپسىلاتنىڭ قىسقارتىلمىسى شۇكى، خان ئەندىجان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ بارغان ۋاقتىدا، مىرزا ئەلى تاغاي ئايرىم پۇرسەتتە ئەمىنخاجە سۇلتانغا:

— مەن سىزگە بولغان ساداقەت يۈزىسىدىن شۇنى ھېس قىلىۋاتىمەنكى، خاننىڭ سىزگە بولغان رايى ئۆزگىرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ خاھىشى شۇكى، سىزنىڭ ئورنىڭىزغا ئوغلى رەشىد سۇلتاننى تەيىنلىمەكچى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى، شۇڭا، سىز ئېھتىيات بىلەن ئۇچۇر ئىگىلەپ، ئۆز ئىشىڭىزنىڭ غېمىنى قىلغايسىز، مېنىڭ ساداقەت يۈزىسىدىن بۇ سۆزنى دېگەنلىكىمگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغايسىز، — دەپتۇ. ئاندىن خانغا داۋاملىق ھالدا:

— ئەمىنخاجە سۇلتان ئۆزلىرىدىن ھېچ بىر سەۋەبسىزلا ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلەرگە ئىلتىجا قىلىپ، بىرەر پىتنە - پاسات تېرىش ئېھتىمالى بار، — دەپتۇ.

لېكىن، خان ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنمەپتۇ.

— ئەگەر بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسىلە، سىناپ كۆرسىلە، — دەپتۇ مىرزا ئەلى تاغاي، — ئەمىنخاجە سۇلتان بۇ يىل پالان ئىشنى قىلسا، مېنىڭ سۆزۈم راست، قىلمىسا يالغان بولسۇن.

ئاندىن ئۇ ئەمىنخاجە سۇلتانغا مەخپىي گەپ يەتكۈزۈپ:

— ھازىر ئەڭ ياخشى مەسلىھەت شۇكى، پالانى ئىشنى قىلغايسىز، — دەپتۇ.

ئەمىنخاجە سۇلتان تولىمۇ ساددا بولغانلىقى، بەلكى ئۆتۈپ كەتكەن ئەھمەق، ئەقىلسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇ ئىشنى قىلىپتۇ. ئاندىن مىرزا ئەلى تاغاي خانغا ئەرز قىلىپ:

— مەن خانغا ئەمىنخاجە سۇلتان بۇ يىل پالان ئىشنى قىلىدۇ. دەپ ئەرز قىلغانىدىم، ئۇ سۆزۈم راست چىقتى، ئىشنىڭ نىشانىسى بىلىندى، — دەپتۇ.

خان ئەندىجانغا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتىن تاكى بۇ كۈنلەرگىچە ئالتە يىل ۋاقىت ئۆتتى. بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇ بۇنداق ھىيلە - مىكىرلەرنى تەكرار - تەكرار ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇنداق ئالامەتلەر راست چىقىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمىنخاجە سۇلتانغا قارىتا خاننىڭ كۆڭلى پۈتۈنلەي

ئۆزگەردى.

تاغام بىلەن پېقىر ئەمىنخاجە سۇلتانغا نۇرغۇن تاپا ـ تەنىلەرنى قىلاتتۇق، «نېمە ئۈچۈن پالان ـ پالان ئىشلارنى قىلدىڭىز؟!» دەپ مالامەت قىلاتتۇق، ئەمىنخاجە سۇلتان بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بەرمەيتتى، يەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى ھېچ مەلۇم بولمايتتى، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەلمەيتتۇق، ئىش ئاخىرىدا مەلۇم بولدىكى، ھەممىسى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئىشلىرى ئىكەن.

مىرزا ئەلى تاغاي خاننىڭ كۆڭلىدە ئەمىنخاجە سۇلتانغا قارىتا نالايىق ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋاقىتنى غەنىمەت بىلدى ـ دە، مۇنداق ئەرز قىلدى:

ــ ئەمىنخاجە سۇلتاننىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشى پىتنە ـ پاساتقا سەۋەب بولغۇسى، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئورنىغا رەشىد سۇلتاننى قويغايلا، ئەمىنخاجە سۇلتانغا بەدەخشان تەرەپتىن بىرەر ۋىلايەتنى بەرگەيلا، دۆلەت ئۈچۈن مۇشۇ ئىش مۇۋاپىقتۇر. ئەمما، مەن مىرزىلارنىڭ مېنىڭدىن كۆڭۈل ئاغرىتىشىدىن قورقىمەن. ئەگەر مىرزىلار رازى بولىدىغان بولسا، بۇ ئىش خاننىڭ دۆلىتىگە تولىمۇ پايدىلىق تۇرىدۇ. بۇ سۆزنى مىرزىلارغا ئېيتىش تولىمۇ مۈشكۈل ـ دە.

ئۇ «مىرزىلار» دەپ تاغام بىلەن پېقىرنى دەۋاتاتتى. خان بۇ كېڭەشنى ئاۋۋال پېقىرغا سالدى.

ــ سىز ئۇنى يۆتكەشنى لايىق كۆرسىڭىز مەن رازى بولمايدىغانغا، ــ دېدىم مەن خانغا، ــ سىزنىڭ باشقا خىزمەتكارلىرىڭىزدىن ئەمىنخاجە سۇلتاننىڭ نېمە ئۈستۈنلۈكى بار؟ چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى تۇغقانلىق جەھەتتە ھەزرىتىڭىز بىلەن ئوخشاش، گەرچە تاغامنىڭ قىزى ئۇنىڭ نىكاھىدا ۋە ئۇنىڭدىن پەرزەنتلىرىمۇ بار، لېكىن ھامامنىڭ قىزى ھەزرىتىڭىزنىڭ ھەرەمىدە بۇ ئورۇق ـ تۇغقانچىلىق دەرىجىسى تۇغقانچىلىقتا ئوخشاش ۋە تەڭ ـ باراۋەر ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغىنى شۇكى، پېقىر خىزمىتىڭىزدە بولۇۋاتقىلى يىگىرمە ئۈچ يىل بولۇپتۇ، ئاتىلارچە تۈرلۈك ئىلتىپات ۋە قېرىنداشلارچە ئىنايەتلەر بىلەن قەرىنلەردىن بىرى ئالاھىدە ئەزىزلىدىڭىز. شۇنداق تۇرۇپ مەن نېمە دەپ ئەمىنخاجە سۇلتاننى جانابىڭىز بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىمەن؟ قايسى ئىش دۆلىتىڭىزگە پايدىلىق بولسا، شۇنى قىلىش كېرەك.

ئاندىن كېيىن خان بۇ سۆزنى تاغامغا سالدى.

ــ خاننىڭ ئالەمگە زىننەت بەرگۈچى كۆڭلىگە ئېنىق ئايانكى، ــ دېدى تاغام، ــ پېقىر ھەممە جەھەتتە سىزگە سادىقمەن. خاندىن بىر پەس ئايرىلىپ تىرىكچىلىك قىلىشنى ئۆلۈمدىن يامانراق بىلىمەن. ئەمىنخاجە سۇلتاندىن سىزنىڭ دۆلەت ـ ئىقبالىڭىزغا توسقۇنلۇق يېتىدىغان بولسا، مېنىڭ ئۇنىڭغا يۈز ـ خاتىرە قىلىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ھازىر گەرچە ئۇنىڭ ھەزرىتىڭىزنىڭ دۆلىتىگە توسالغۇ بولىدىغانلىق ئالامىتى ماڭا مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەمما، ھەزرىتىڭىزنىڭ ياخشىلىقتا باشلىغۇچى ئوي ـ پىكىرىڭىز ھېچقاچان خاتا كەتكەن ئەمەس. مەن ھەزرىتىڭىزنىڭ رايىغا ئىقتىدا قىلىمەن ۋە ھەرقانداق ئىشنى مۇۋاپىق ۋاقتىدا ئالدى بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن.

بۇ سۆز تامام بولغاندىن كېيىن، خان ئېيتتىكى:

— رەشىد سۇلتاننى ئاقسۇغا ئەلق ياخشىسى مىرزا ھەيدەر ئېلىپ بارسۇن - دەپ، ئەمىنخاجە سۇلتاننى بۇ يەرگە ئەۋەتسۇن ھەم رەشىد سۇلتاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ، رەشىد سۇلتاننىڭ تىزگىنىنگە كىرگۈزۈپ بېرىپ كەلسۇن.

— يارلىق قانداق بولسا، شۇ بويىچە بولسۇن، — دېدى تاغام.

پېقىرمۇ پەرماننى باش ۋە كۆزۈم بىلەن قوبۇل قىلدىم. ئىككىنچى كۈنى ئاقسۇغا قاراپ يۈردۈق.

ئۈچقا يېتىپ كەلگەندۈق، قەشقەر ياسالىدا نامى زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەن شاھباز مىرزا ئىستىقبالىمىزغا كەلدى. ئۈچتىن ئۆتتۇق، ئەمىنخاجە سۇلتاننىڭ تەۋەلىكىدىكى پۈتكۈل خەلق ئىستىقبالىمغا كەلدى. ئەمىنخاجە سۇلتان ھەرقانچە كىشى ئەۋەتىپ: «ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ۋە يار - بۇرادەرچىلىك يۈز - خاتىرىسىنى تاشلاپ، يۈزسىزلىك قىلىۋاتىسىز، نېمە بولدى، ئاخىر ئىككىيلەن بىر كۆرۈشسەك نېمە بولىدۇ؟!» دېدى. ئەمما، پېقىر قوبۇل قىلمىدىم.

— كۆرۈشكىنىمىزنىڭ بىرەر پايدىسى بولغان بولسا ئىدى. كۆرۈشكەن بولاتتىم. بەس، پايدىسىز ئىشقا قەدەم قويغاننىڭ ھېچ مەنىسى يوق، — دېدىم. ئادەم تەيىنلەپ ئۇنىڭ سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى تەييار قىلدۇرۇپ، ئىشەنچلىك كىشىلەرنى ھەمراھ قىلىپ، يولغا سالدىم. ئاندىن ئاقسۇنىڭ پۈتكۈل سىپاھ ۋە پۇقرالىرىغا تەسەللىي بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇھىم ئىشلىرى-نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇ دىيارنىڭ سىپاھ ۋە پۇقرالىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ۋە رەشىد سۇلتاننىڭ كونا مۇلازىملىرىنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى لايىقىدا ئورۇنداپ بەردىم. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دەپتەرلىرىنى راست قىلىپ ئېنىقلاپ، ھەر ۋىلايەتنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بەردىم. مۇشۇ يول بىلەن پۈتكۈل خالايىق تەسەللىي تاپتى.

پېقىر ئالتە ئايغىچە ئاقسۇدا تۇردۇم. ھەممە ئىش رەشىد سۇلتاننىڭ كۆتكىنىدەك بولدى. ئۇ پېقىرنىڭ خىزمەتلەردىكى قاتتىق تىرىشچانلىقىمنى، مۇھەببەت ۋە ئېتىقادىمنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆردى ۋە بىلدى. شۇڭا، رەشىد سۇلتانمۇ نەچچە يىلدىن بىرى پېقىرغا مەھكەم باغلاپ كەلگەن مۇھەببەت رىشتىنى بۇ مۇددەت ئىچىدە شۇ قەدەر مۇستەھكەم قىلدىكى، بۇ ئالتە ئاي ئىچىدە بىر - بىرىمىزدىن بىر دەممۇ ئايرىلمايتتۇق. ئارىمىزدا زەررىچە ئېغىرچىلىق ۋە تەكەللۇپ يوق ئىدى. ئۇ قىلغان ھەرقانداق ئىشنى پېقىر ياقتۇراتتىم. مەن قىلغان ھەرقانداق ئىشنى ئۇ جان - دىلى بىلەن قوبۇل كۆرەتتى. كونا دوستلىرىم بولمىش شاھمۇھەممەد سۇلتان ۋە بابا سۇلتانلارنىڭ جۇدالىقى تۈپەيلىدىن كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان دەرد - ئەلەملەرگە رەشىد سۇلتاننىڭ دوستلۇقى بىلەن شىپالىق ھاسىل قىلاتتىم. ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ:

— گەرچە ئىلگىرى موغۇلىستاندا موغۇل قائىدىسى بويىچە ھەزرىتى خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق ئېتى ئالماشتۇرۇلغان، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئاتلىرىمىزنى مىندۇرۇشكەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇ دوستلىقىمىز قەسەم ۋە ئەھدىلەر بىلەن مەھكەم تەكىتلەنمىگەنىدى. ئەمدى بۇ كونا دوستلىقىمىزنى يېڭىلاپ، ئۇنى ئەھدە ۋە قەسەملەر بىلەن تەكىتلەپ مۇستەھكەملەشنى خالايمەن، — دېدى. پېقىرمۇ جان ۋە دىلىم بىلەن قوبۇل

قىلدىم. ئاندىن مۇنداق يوسۇندا ئەھدۇ پەيمان قىلىشتۇق. پېقىر:
— مادامىكى خان ھاياتلا بولىدىكەن، خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇشۇم زۆرۈر. خانغا تەقدىر ھۆكۈمى بىلەن قازاۋۇ قەدەر يەتكەن ۋاقتىدا سىزدىن باشقا كىشىگە ئىتائەت قىلمايمەن. سىزنى خانغا ئوخشاش بىلىمەن، — دەپ ئەھدە قىلدىم. ئەبدۇررەشىد سۇلتان:
— ئەگەر خاندىن كېيىن قالساق، سىزنى خاننىڭ ئورنىدا ئۇلۇغ ئاغا دەپ بىلىمەن. گەرچە مەرىكە سورۇنلاردا ماڭا خانلىق مەرتىۋىسىدە مۇئامىلە قىلىسىڭىزمۇ، لېكىن خىلۋەتتە سىزگە ھازىر قانداق ئىززەت ۋە ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسام، ئاشۇ چاغدىمۇ شۇنداق قىلىمەن. ئىززەت - ھۆرمەت جەھەتتە خان سىزگە قىلغاندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قىلىمەن. تاغىڭىز ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىق قىلىمەن. سىز ھەرقانداق ئىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ مەسلىھەت بەرسىڭىز، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىمەن، — دەپ ئەھدە قىلدى. ئىككىمىز ۋەدە - قەسەمياتلار بىلەن ئەھدە - پەيمانىمىزنى مۇستەھكەم قىلىشتۇق. نەزم:

ئەي دىلبەرى بىۋەفاكى، باغلادىڭ ئەھد ماڭا،
ئول ئەھد نەتىجەسى ئىكەن جەۋرۇ جەفا.
ئەي دىلبەرىم، ئايتقىل ماڭا بەھرى خۇدا،
ئول ئەھد قايان كەتتى، قايان قالدى ۋەفا.

بۇ ئىشلار تامام بولغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا ئىجازەت بەردى. خاننىڭ مۇلازىمىتىگە قايتىپ كەلدىم. خان بۇ ۋاقىتتا يېڭىھىساردا ئىكەن. ئۇ ماڭا تولا ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەر قىلدى، ئادەتلەنگەن تۇرالغۇم ياركەنتتە ئىدى، ئۇ يەرگە بارغىلى قويمىدى. شۇ يەردىنلا تويۇنباشى دېگەن يەرگە شىكار قىلىش ئۈچۈن باردۇق. شىكارگاھقا يەتكەندە رەشىد سۇلتانمۇ ئاقسۇدىن يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قېتىم شىكار قىلغاندۇق، خاننىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالدى. چۈنكى، خان ھەرقانداق چاغدا يەللىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلسا ياكى مەيدە (ئاشقازان) ۋە قورسىقىغا سوغۇق ئۆتسە، قولىنچى كېسىلى قوزغىلاتتى. ئېھتىمال كېيىنكى قېتىملىق شىكاردا خاننىڭ قورسىقىغا ۋە مەيدىسىگە سوغۇق ئۆتكەن بولسا كېرەك، ئۇ كېسىلى قوزغالدى، شۇنداق قاتتىق تۇتتىكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچقاچان بۇنداق شىددەتلىك تۇتمىغانىدى. شۇ ھامان تاغامنى ئېلىپ كەلگىلى قەشقەرگە ئادەم ماڭدى ۋە تېۋىپلەرنى ئېلىپ كېلىپ داۋالاتتى. داۋالاش مۇۋاپىق كەلگەنلىكتىن خاننىڭ كېسىلى خېلى يېنىپ، ساقىيىشىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى، تاغام يېتىپ كەلدى.

خان بۇ نۆۋەت بۇ كېسەلدىن كۆپ ۋەھىمە ۋە ئەندىشە قىلىپ، رەشىد سۇلتاننى چاقىرتتى ۋە مۇنداق دېدى:
— بۇ كېسىلىمدىن قورقىمەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بۇ كېسەل بەزىدە قوزغىلاتتى، نەچچە يىللار بولغانىدى، ھەر يىلى بىر قېتىم تۇتاتتى. بۇ يىل ئىككى نۆۋەت قوزغالدى. شۇڭا، رەشىد بىلەن سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئارىسىدا ئەھدە - پەيمان بارلىققا كېلىشىنى ئىستەيمەن. مىرزا ھەيدەر بىلەن ئالاھىدە ئەھدىلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، موغۇ-

لىستاندا ئۆزۈم ئاردا تۇرۇپ، ئىككىمىزنى بىر - بىرى بىلەن دوست قىلغانىدىم. يەنە بۇ نۆۋەت ئاقسۇدا ئەھدە - پەيمانلار قىلىشىپ، دوستلۇق ئالاقىسىنى تولۇق مۇستەھكەملىشىپتۇ.

خان شۇنداق دەپ، تاغام بىلەن رەشىد سۇلتاننى سۆز بېرىشىپ ۋەدىلىشىشكە دەۋەت قىلدى.

خاننىڭ ئىستىداتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئىپادىلەشكە ماھىرلىقى ۋە نۇتۇق - پىتىكلىرىنىڭ نىشانىسى شۇكى، بۇ مەزمۇننى تۈركىي تىل بىلەن مۇنداق ئىپادىلىدى:

— ئەي سەيىد مۇھەممەد مىرزا، ئەگەر ماڭا بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، رەشىدنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرگەيسىز، رەشىدمۇ مىرزىنى ماڭا ئوخشاش دەپ بىلگەي، — دېدى.

بۇ ئىنچام سۆزنىڭ يېقىملىقلىقى ۋە مەنىسىنىڭ كۆپلىكىنى ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش بىلەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ سۆزنى پەزىلەت ئىگىلىرى نەچچە تۈرلۈك شەرھلەشتى.

دېمەك، خان رەشىد سۇلتان بىلەن تاغامنى ۋەدىلىشىشكە بۇيرۇدى. ئۇ سۆزلەرنى تولۇق بايان قىلساق سۆز ئۇزىراپ، مالاللىقتا سەۋەب بولغۇسى.

خان شۇ زىمىستاندا يېڭىھىساردا قىشلىدى. پېقىر ياركەنتكە كەتتىم. مەن ئاقسۇدىن كەلگەن ۋاقتىمدا كۆرگەنىدىمكى، خان ھەرزىتى خاجەئى نۇرەنگە مۇرىت بولۇپ، خوجىلار تەرىقىتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانىكەن.

(داۋامى بار)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدە ئۆزگىچە بايان

ئابلا ئەھمىدى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يۇرتىمىزدا ئەمەل تۇتقان يەرلىك ھۆكۈمرانلار ئىچىدە بىزگە ئەڭ تونۇشلۇق، شۇنداقلا قىلغان ئىشلىرى ئەڭ كۆپ كىشى — تۇرپان ۋاڭلىرىدىن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بولۇپ، بۇ كىشى «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق شائىر ۋە «ئىسلاھاتچى» لىقى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن خېلى چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ كىشى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلارنىڭ تۈپ مەزمۇنى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كىملىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىرقەدەر مۇجمەل. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ يازمىلىرى بىلەن خەنزۇ ئاپتورلارنىڭ ئوردا ئارخىپلىرىنى ئاساس قىلغان يازمىلىرى بىر بىرى بىلەن پۈتۈنلەي زىت. شۇڭا پېقىر بۇ مۇجمەللىكنى تۈگىتىپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن ئىزدىنىپ يۈرۈپ، تارىختا «زوھۇرىددىن» ئاتلىق كىشىدىن ئۈچى ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بىرى «دىۋانى زوھۇرى» نىڭ مۇئەللىپى شائىر مىرزا زوھۇرىددىن، يەنە بىرى لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى زوھۇرىددىن بەگ، ئۈچىنچىسى ئىمىن خوجىنىڭ ئالتىنچى ئوغلى ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ نەۋرىسى زوھۇرىددىن «جۇنۋاڭ» ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم ۋە بۇ قارىشىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش نىيىتىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

## 1. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ «دىۋان زوھۇرى» نىڭ مۇئەللىپى ئەمەس

يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى، بىر مەزگىل كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولغان زوھۇرىددىن جۇنۋاڭنىڭ نەسەبى، يۇرتى، ھاياتى ۋە ئىش ئىزلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن ئالىم - تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى بىر «قابىل ھۆكۈمران» دەپ تىلغا ئېلىش بىلەن بىر چاغدا، «تالانتلىق شائىر» دەپ تونۇشتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ «شائىر» لىقىنى ئىسپاتلاشتا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋانى زوھۇرى» ناملىق قولىيازما كىتابنى كۆرسەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بەزى كۇپلېتلىرىنى نەقىل ئالدى. پېقىر بۇ كىتابنىڭ 1995 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان نۇسخىسىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققىنىمدا، «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنىڭ ھەرگىزمۇ ئەينى چاغدىكى كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن جۇنۋاڭ ئەمەسلىكى ئايان بولدى. بۇنىڭغا ئاساس: «دىۋانى زوھۇرى» نى نەشرگە تەييارلىغۇچى مۇنداق دەيدۇ: 〈دىۋانى زوھۇرى〉 مىرزا زوھۇرىددىن ناملىق شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن شېئىرىي مىراسىدۇر ... بىز شائىر زوھۇرىنى 1830 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1850 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەردە ھاكىمبەگلىك مەنسىپىدە بولۇپ، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى ئېچىشتا ئا. نىزارى، ن. زىيائى، غەربى، سەبۇ-

رىلار قاتارىدا زور رول ئوينىغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بولۇش مۇمكىن، دېگەن قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتىمىز. ئەمما بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ».

تولىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يېزىلغان بۇ ئابزاستىن مۇنۇلارنى بىلدۇق:

(1) زوھۇرىنىڭ تولۇق ئېتى «مىرزا زوھۇرىددىن»؛

(2) زوھۇرى «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ» بولۇشىمۇ مۇمكىن؛

(3) «بولۇش مۇمكىن» دېگەن قىياسنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى «زوھۇرى» نىڭ زادى كىملىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى سەمىمىي چاقىرىق.

شۇڭا، بىز مۇشۇ «چاقىرىق» ئاساسىدا كىتاب بەتلىرىنى ۋاراقلاپ يۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە مەزكۇر كىتابنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى؛ قاچان، كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى نامەلۇم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن تاشقىرى، «دىۋان» نىڭ ئاخىرقى بەتلىرىمۇ يوقالغانلىقىنى بىلدۇق ۋە شۇ ئاساستا، «مىرزا زوھۇرىددىن زادى كىم؟ ئۇنىڭ يۇرتى قەيەر؟ ئۇ قەيەردە، قانداق ۋەزىپە ئۆتىگەن؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئۈستىدە ئويلىنىش ئارقىلىق، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق شائىر ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. چۈنكى لۈكچۈن (تۇرپان) ۋاڭلىرى ئىچىدە ئېتىنىڭ ئالدىغا «مىرزا» قوشۇلغان بىرمۇ كىشى يوق (ئۇلار «خوجا»، «بەگ»، «ۋاڭ» دەپ ئاتالغان. زوھۇررىددىن ھاكىم بەگمۇ شۇلارنىڭ بىرى). يەنە بىرى، «مىرزا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «كاتىپ» دېگەن مەنىگە ئىگە بولسىمۇ، موغۇل (مۇسۇلمان موغۇل) ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۆپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى «مىرزا» نى ئۆزلىرىگە فامىلە ئورنىدا قوللانغان (مەسىلەن: مىرزا ئۇلۇغ بەگ، مىرزا ئابابەكرى، مىرزا ھەيدەر كۆرەگان، مىرزا ھېدىي ...).

دېمەك، «مىرزا زوھورىددىن» تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادى بولمايلا قالماستىن، «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ» مۇ «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق شائىر ئەمەس.

ئۇنداقتا، «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق «مىرزا زوھۇرىددىن» ئاتلىق شائىر زادى كىم؟ بۇ سوئالغا «دىۋان» ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ:

«شەھى ئالىي نەسەب يۇسۇف، زوھۇرىددىن ئاڭا مۇخلىس،
ئەبەن مىن جەدە ھۇمايۇن بەخت كەلدى مەۋلىدى قامۇل.

(ساھىبقىران يۇسۇپ شاھ ئالىي نەسەب شاھلاردىن بولۇپ، زوھۇرىددىن ئۇنىڭ مۇخلىسىدۇر. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى بەختىيار ھۆكۈمرانلاردىن بولۇپ ئۆتكەن، ئۆزىمۇ قۇمۇلدا تۇغۇلغان)».

—«دىۋان زۇھۇرى» 80 - غەزەلدىن.

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى «قۇمۇلدا تۇغۇلغان، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ بەختىيار ھۆكۈمران بولۇپ ئۆتكەن ساھىبقىران يۇسۇپ شاھ» كىم؟ قىلچە دۇدۇقلىماي ئېيتالايمىزكى، «يۇسۇپ شاھ» تۆتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى يۇسۇپ تارخانبەگدۇر. ئۇنىڭ ئەجدادى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىلىرى «سەئىدىيە سۇلتانلىقى» دەۋرىدىن باشلاپلا قۇمۇلنى سوراپ كەلگەن. بوۋىسى ئەبەيدۇللا تاغايبەگ 1697 - يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى-

دىن يۈز ئۆرۈپ (بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئافاق خوجا ئەۋلادلىرى جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقىدا ئىدى)، چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ، قۇمۇلغا «ۋاڭ» بولدى ۋە 1709 - يىلى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى گۇپا (ۋاپا) بەگ ۋاڭ بولدى. 1711 - يىلى گۇپا بەگ ئۆلۈپ، ئوغلى ئىمىن ئۇنىڭ ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئىمىن ۋاڭ 1740 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ۋاڭلىق تەختى ئوغلى يۇسۇپكە مىراس قالدى. يۇسۇپ ۋاڭ ئۆتكۈر سىياسىئون، قابىل ھەربىي قوماندان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلار بىلەن ئاكا - ئۇكا خوجا — بۇرھانىددىن خوجا، خان خوجىلارغا قارشى جازا يۈرۈشلىرىدە ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتتى. 1759 - يىلى كۈزدە، چىڭ سۇلالىسى خوجىلارنى تەلتۆكۈس تارمار قىلغاندىن كېيىن، يۇسۇپ ۋاڭ لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجا، ئاقسۇ - كۇچا، باينىڭ باش ھاكىمبېگى مىرزا ھېدىي، ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا بېرىپ، پادىشاھ چيەنلۇڭنى تاۋاپ قىلدى. تېخىمۇ يۇقىرى ئۇنۋان - ئۇتىغات ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن تارتۇقلاندى. چيەنلۇڭ بۇ تۆت نەپەر ئۇيغۇر مۆتىۋەرنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ، زىگۇاڭگې سارىيىغا ئاستۇردى ۋە بۇ سۈرەتلەرگە ئۆز قەلىمى بىلەن بېغىشلىما يېزىپ، ئۇلارغا پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت بىلدۈردى. خوجەسى بەگنى بېيجىڭدا ئېلىپ قېلىپ، ئىمىن خوجا بىلەن يۇسۇپ ۋاڭنى كاشغەرنىڭ «مەسلىھەتچى ئامبال» لىقىغا؛ مىرزا ھېدىينى ياركەنتنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىدى.. ئىمىن خوجا بىلەن يۇسۇپ ۋاڭ بىر مەزگىل زىچ ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، كاشغەرنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، يۇسۇپ ۋاڭ 1760 - يىلى بېيجىڭدا پادىشاھ چيەنلۇڭنى تاۋاپ قىلىپ قۇمۇلغا قايتىپ بىر يىل دەم ئالغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە «ۋاڭ» لىق مەرتىۋىسى بىلەن قۇمۇل دىيارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» گە قاراڭ). ئۇ يەنە ئۇيغۇرلاردىن كاشغەرگە قويۇلغان، ئاقسۇدىن خوتەنگىچە بولغان «مۇ-سۇلمان يۇرتلىرى» نىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئالىي ھۆكۈمران — «مەسلىھەتچى ئامبال» لارنىڭ بىرى سانىلىدۇ (ليۇزېشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» غا قاراڭ).

«زوھۇرى» يۇسۇپ ۋاڭنىڭ «ئالى نەسەپ شاھ» ھەم «قۇمۇلدا تۇغۇلغان» لىقىنى شېئىرىي مىسراغا سىڭدۈرۈۋېتىش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىنىڭ «ئۇنىڭ مۇخلىسى» ئىكەنلىكى-نىمۇ ئەسكەرتكەن. بۇ «مۇخلىس» نىڭ «يۇسۇپ شاھ» قا نەقەدەر ئىخلاسمەنلىكىنى ماۋۇ مىسرالاردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«مەلاھەت كانى ھۆسن ئىقلىمدە يوق سەن كەبى بىر شاھ،
سېنىڭ كويۇڭدا يوق مەندەك يەنە ئىخلاسلىق بىر قۇل.

(گۈزەللىك كانى، ھۆسن ئىقلىمدا ساڭا ئوخشايدىغان بىر پادىشاھ يوق. سېنىڭ كويۇڭدا يۈرگەن ماڭا ئوخشاش بىر ئىخلاسمەن قۇل يوق)».

— يۇقىرىقى غەزەلدىن.

مۇبادا، بىز بۇ يەردىكى «قۇل» نى «شائىر مىرزا زوھۇرىددىننىڭ ئۆزى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ «مىرزا» نى فامىلە ئورنىدا ئەمەس، بەلكى ۋەزىپە (مەسىلەن: قازى، ئىمام، مەزىن) ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسەك، ئۇ ھالدا، «قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى» دا «زو-

مۇرردىن مىرزا» ئاتلىق باش كاتىپ، ھېچبولمىغاندا، يۈسۈپ تارخانبەگكە سادىق بىر كاتىپ ئۆتكەنلىكىدىن ئۇچۇر تاپىمىز. بۇ نۇقتە «يىگىت» رادىپى بىلەن يېزىلغان 11 - غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ:

«ئەي زوھۇرى، نېگە رەھىم ئەتمەس ساڭا مىرزا يىگىت».

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ مىسرادىكى «زوھۇرى» شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولسا، «مىرزا» ئۇنىڭ كەسپى (ۋەزىپىسى)، «يىگىت» دەل شائىر زوھۇرىددىننىڭ ئۆزىدۇر.

بىز ئەمدى خەنزۇ ئاپتورلارنىڭ «زوھۇرى» ھەققىدىكى بايانىنى كۆرۈپ باقايلى: «ئۇيغۇر شائىرى ئەلىنىڭ تەرجىمە ئىشى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى. ئۇ ‹زوھۇرى›، ھاپىز شىرازى، لۇتفى، نەۋائى، مەشرەپ، ئىمىن قاتارلىق 20 نەپەر داڭلىق شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ۋە جەملەپ، 1811 - يىلى قوليازمىدا ‹باياز› دېگەن نام بىلەن دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ مۇقەددىمىسىگە ‹زوھۇرى› نىڭ ‹قۇياش› دېگەن شېئىرى، خاتىمىسىگە ئىمىننىڭ ‹شاھىنشاھ› دېگەن شېئىرى كىرگۈزۈلدى» (ليۇزېشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» غا قاراڭ).

مۇشۇ بايانىڭ ئۆزىلا مۇنداق سوئاللارنى تۇغدۇرىدۇ:

1) شائىر، تەرجىمان ئەلى كىم؟ ئىمىنچۇ؟

2) نېمە ئۈچۈن «زوھۇرى» نىڭ «قۇياش» ناملىق شېئىرى «باياز» نىڭ مۇقەددىمىسىگە كىرىپ قالدى؟ «زوھۇرى» ئەينى چاغدا قوليازمىدىكى ئەڭ مەشھۇر شائىرمىدى ياكى ئۇنىڭ «مىرزا» لىق سالاھىيىتى ئۇنى «باياز» دا شۇنچە يۇكسەك ئورۇنغا نائىل قىلغانمۇ؟

3) «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق شائىردىن قوليازمىدا بىرى، كاشغەردە بىرى ئۆتكەنمۇ؟

4) قوليازمىدا «باياز» تۈزۈلگەن چاغدا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ نەچچە ياشتا ۋە نېمە ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى؛ لۇتفى، نەۋائى قاتارلىق ئەدەبىيات پىرلىرىدەك شۆھرەت قازانغانمۇ؟

بىزنىڭ بۇ سوئاللارغا بېرىدىغان جاۋابىمىز مۇنداق:

بىرىنچى، شائىر، تەرجىمان ئەلى بىلەن ئىمىن بىزگە ناتونۇش، چۈنكى بىز بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئىككى شائىرنىڭ بىرەر مىسرا شېئىرىنى كۆرۈپ باقمىدۇق. بىراق، ليۇزېشياۋنىڭ يۇقىرىدىكى مەلۇماتى «شىنجاڭغا ئائىت كىتابلار كاتالوگى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن ئېلىنغان. شۇڭا ئەلى بىلەن ئىمىندىن ئىبارەت قوليازما دىيارىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ ئىككى نەپەر قەلەم ساھىبىنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئەسەرلىرى «كاتالوگ» تۈزگۈچىلەرگە چوقۇم ئايان. ئىشىنىمىزكى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇندىن 193 يىل بۇرۇن قوليازمىدا تۈزۈلگەن ئاشۇ «باياز» نى نەشر قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ تۈزگۈچىسى ئەلى بىلەن شائىر ئىمىن قاتارلىق پېشۋالىرىمىزنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە بىزنى ئىشەنچلىك مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىزكى، «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق شائىر مىرزا زوھۇرىددىن ئەينى چاغدا قوليازمىدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر شائىر، بۇ نۇقتىنى «دىۋانى زوھۇرى» دىكى ھەربىر غەزەلدىكى ئاجايىپ يۇكسەك بەدىئىي پاساھەت ئىسپاتلاپلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ تولىمۇ ماھىر سۆز ئۇستىسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، «زوھۇرى، سۇرسەڭ ئەر كۆزگە ساڭا قىردەۋسىدۇر قامۇل» («دىۋانى زوھۇرى»، 81 - بەتكە

قاراڭ) دېگەن مىسرادىكى «ئەر» نىڭ ئەسلى «ئەگەر» بولۇپ، نۇرغۇن كلاسسىكلىرىمىز ۋەزىن ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى «گەر» شەكلىدە قىسقارتىپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. ئەكسىچە، مىرزا زوھۇرىددىن رېتىمنىڭ بۇلاق سۈيىدەك راۋان، سىلىق، ئاھاڭدار چىقىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى «ئەر» شەكلىدە ئىشلەتكەن، يەنى «سۆيسەڭ گەر» نى تېخىمۇ سىلىق قىلىپ «سۆيسەگەر» دەپ ئوقۇساقمۇ، يازساقمۇ، ئوخشاشلا «سۆيسەڭ ئەگەر» دېگەن مەزمۇننى ئۇقالايدىغانلىقىمىز ۋە ئۇقتۇرالايدىغانلىقىمىزنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، كلاسسىك شېئىرلىرىمىزدا «ئەگەر» نى «ئەر» شەكلىدە قىسقارتىپ ئىشلىتىش ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ھادىسە ... ئەمدى «قۇياش» نىڭ قانداق بولۇپ «باياز» غا مۇقەددىمە بولۇپ قالغانلىقىغا كەلسەك، مىرزا زوھۇرىددىن ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەن شائىر، يەنى ئەلىشىر نەۋائىيغا ئەڭ ئىخلاسمەن، شۇنداقلا «نەۋائىي يولى» نى ئىجادىيەت مىزانى قىلغان سۆز ئۇستىسى، بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ غەزەللىرىدە ئۇچرايدىغان نەۋائىي ھەققىدىكى تەرىپلەر بىلەن نەۋائىيچە شېئىرىي پۇراق ئىسپاتلايدۇ. مۇشۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئويلانغاندا، «قۇياش» نىڭ «باياز» غا مۇقەددىمە بولۇپ قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، «دىۋانى زوھۇرى» دا «قۇياش» رادىپلىق غەزەل كۆزگە چېلىقمايدۇ. قارىغاندا، ئۇ غەزەل «دىۋان» نىڭ يوقىلىپ كەتكەن بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان ياكى «باياز» غىلا كىرگۈزۈلۈپ، «دىۋان» غا كىرگۈزۈلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۈچىنچى، كېسىپلا ئېيتىمىزكى، كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزنى بېيىتقان «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق شائىر قومۇلدا ئۆتكەن «مىرزا زوھۇررىددىن» بولۇپ، ھەرگىز كاشغەر ھاكىمبېگى «زوھۇرىددىن جۇڭۋاڭ» ئەمەس. چۈنكى ئەينى چاغدا «زوھۇرى» ئىككى بولۇپ قالغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كاشغەردە ئۆز «دىۋان» نى تۈزگەن ياكى تۈزدۈرگەن، ھەتتا يۈزلەپ نۇسخا كۆچۈرگۈزۈپ، ھەممە يەرگە تارقاتقۇزغان بولار ئىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، «دىۋان زوھۇرى» نىڭ قاچان كىتاب قىلىپ تۈزۈلۈپ، كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى بۈگۈنگە قەدەر نامەلۇم بولسىمۇ، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ تەختكە چىققاندا، «باياز» تۈزۈلۈپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ بولغىنىغا توپتوغرا يىگىرمە يىل بولغان ئىدى. شۇڭا ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمىزكى، «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق شائىر پەقەت بىرلا بولۇپ، ئۇ زات قومۇل دىيارىدا ياشاپ، ئىجاد قىلىپ، ئۆز زامانىسىدا كاتتا شۆھرەت قازانغان، شۇنداقلا «دىۋانى زوھۇرى» نى بىزگە مىراس سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن يېتۈك شائىر مىرزا زوھۇرىددىندۇر. بۇ نۇقتىنى «باياز» نىڭ قومۇلدا تۈزۈلگەنلىكى ھەم ئۇنىڭغا «زوھۇرى» نىڭ «قۇياش» ناملىق شېئىرى مۇقەددىمە سۈپىتىدە كىرگۈزۈلگەنلىكى، ئەكسىچە، كاشغەردە تۈزۈلگەن بىر «باياز» غا ئاتالمىش «زوھۇرى» — زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ بىرەر مىسرامۇ «شېئىر» ى قىستۇرۇلۇپ قالمىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

تۆتىنچى، ئەگەر بەزى تەتقىقاتچىلار قەلەمگە ئېلىپ، پۈتۈن ئىلىم ساھەسى بىلەن بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق قارىشىغا ئايلىنىپ كەتكەن ماۋۇ مەلۇمات، يەنى «شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ (بەزىدە ‹تاجى ھېكىم بەگ› دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاشغەردە تۇغۇلغان» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1987 - يىل 3 - سان، 100 - بەتكە قاراڭ) دېگەن مەلۇمات توغرا بولىدىغان بولسا، قومۇلدا «باياز» تۈزۈلگەن چاغ (1811 - يىلى) دا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ «ئاغزىدىن

ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرغان» ئون ياشلىق گۆدەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە «زوھۇرى» دەپ تەخەللۇس قويۇپ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ «قۇياش» ناملىق شېئىرى ئەدەبىيات گۈلزارىمىزنىڭ بۈيۈك پەرۋىشكارلىرى لۇتفى، نەۋائى قاتارلىق يىگىرمە نەپەر شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «باياز»غا مۇقەددىمە بولۇپ قالغانلىقى پەقەتلا ئەقىلغا سىغمايدۇ. ئىككىنچى مەلۇمات، يەنى «نۇرمۇھەممەت خوجا ... ئۆمرىدە زوھۇرىددىن بەگ، ناسىربەگ ئىسىملىك ئىككى پەرزەنت كۆرۈدۇ ... 1819 - يىلى زوھۇرىددىن بەگنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ بۈيرۇق بىلەن كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ بىر نەۋرە ئىنىسى زوھۇرىددىننىمۇ كاشغەرگە بىللە ئېلىپ كېتىدۇ» («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، 24 - بەتكە قاراڭ) دېگەن مەلۇمات توغرا بولۇپ قالسا، «باياز» تۈزۈلگەن چاغدا، نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى زوھۇرىددىن بەگ كەم دېگەندىمۇ ئاتمىش ياشلىق بوۋاي بولىدۇ. بۇنىڭدىن «زوھۇرىددىن بەگ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا مىرزا (كاتىپ) بولۇپ ئىشلەپ، ‹زوھۇرى› تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يېزىپ يۈرۈپ «باياز» غا ‹قۇياش› ناملىق شېئىرىنى مۇقەددىمە سۈپىتىدە كىرگۈزگەنمۇ؟ ئۆزى شۇنچە مەشھۇر شائىر تۇرۇقلۇق، كېيىنكى چاغلىرىدا نېمە ئۈچۈن ئەجدادلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى ئۆزى يازماي، ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى) نى لۇكچۇنگە ئاپىرىپ يازدۇرىدۇ؟ ...» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار كېلىپ چىقىدۇ. بىراق، بۇ سوئاللارغا ھېچكىممۇ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

ئۇنداقتا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قانداق سەۋەب بىلەن «دىۋان زوھۇرى» نىڭ «ئاپتورى» بولۇپ قالدى؟

بۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاددىي: «دىۋان زوھۇرى»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ: «19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى ئېچىشتا ئا. نىزارى، ن. زىيائى، غەرىبىي، سەبۇرىلار قاتارىدا زور رول ئوينىغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بولۇش مۇمكىن» دېگەن قىياسى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ «شائىر ‹زوھۇرى› - زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ شۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، بەزى تەتقىقاتچىلار يۇقىرىدىكى قىياسنى ئاساس قىلىپ ئىزدىنىپ يۈرۈپ: «‹زوھۇرى› دەل زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىدۇر» دەپ يازىدۇ ھەم تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «دىۋانى زوھۇرى»دىكى 96 - غەزەلنىڭ 3 - بېيتى:

«بەسى ئەۋلادۇر ئانىڭ خاكى پايىن تۇتىيا قىلماق،
ماڭا بولسا سىكەندەر تاجى بىرلە تەختى ئەفرىدۇن.

(ماڭا ئىسكەندەرنىڭ تاجى بىلەن ئەفرىدۇننىڭ تەختى مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئايىغىغا قونغان چاڭنى توتىيا قىلماق ماڭا ئەلادۇر)» بىلەن 7 - بېيت:

«زوھۇرى قىلسا گەر سەندە ئانىڭ مەيگۇن كۆزى ئەكسى،
بولۇپ مەزھەر ئاڭا مىرزا زوھۇرىددىندەك قانۇن ئەت.

(ئەگەر سەندە ئۇنىڭ مەيدەك كەيىپ قىلغۇچى كۆزلىرىنىڭ ئەكسى ئاشكارىلانسا،

مەزھەرى، سەن ئۇنىڭغا مىرزا زوھۇرىددىنغا ئوخشاش قانۇن تۈز)» نى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن جۇڭۋاڭ ئىكەنلىكى؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ مىسرالار ئارقىلىق «ئۆزىنىڭ ‹زوھۇرى› تەخەللۇسلۇق شائىر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان» لىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم ئاشۇ كىتابتىكى بەزى غەزەللەرنى زوھۇرىددىن جۇڭۋاڭنىڭ «ئىجادىيەت ئۇسلۇبى» ۋە «ئەسەرلىرى» نىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىشنىڭ مەنبىئى سۈپىتىدە نەقىل ئېلىش ئارقىلىق، بۇ قارىشىنى مۇكەممەل پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلماقچى بولغان. نەتىجىدە، «بولۇپ مەزھەر ئاتا مىرزا زوھۇررىددىندەك قانۇن ئەت» دېگەن مىسرادىكى «مىرزا (كاتىپ)» بىلەن «ھاكىمبەگ» ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمان - زېمىنچە پەرقنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ۋۇجۇدىدا شېئىرىي تۇيغۇدىن قىلچە ئەسەر يوق بىر ھۆكۈمراننى «شائىر»، ھەتتا «دىۋان زوھۇرى» دىن ئىبارەت پاساھەتلىك شېئىرلار توپلىمىنىڭ «ئاپتورى» قىلىپ قويغىنىنى تۇيمىغان («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1987 - يىل 4 - سان، 111 - 116 - بەتلەرگە قاراڭ).

يۇقىرىدا «زوھۇرى» نىڭ قۇمۇل «ۋاڭ ئوردىسى» نىڭ خادىمى «مىرزا زوھۇرىددىن» ئاتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئەمدى بىز ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى بىلەن «دىۋان زوھۇرى» نىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى ھەققىدىكى قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى:

قۇمۇل ۋاڭى يۇسۇپ تارخانبەگ «1740 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 5 - يىلى) دادىسىنىڭ ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىپ ... 1767 - يىلى 12 - ئايدا، يۇسۇپ ۋاڭ ئوغلى ئىبراھىم بىلەن بېيجىڭغا خاننى زىيارەت قىلىشقا ماڭىدۇ. شەنشىنىڭ لىڭشى ناھىيىسىگە بارغاندا، يۇسۇپ ۋاڭ چېچەك چىقىپ ۋاپات بولىدۇ ...» («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» 4 -، 5 - بەتلەرگە قاراڭ.)

بىز بۇ مەلۇماتتىن يۇسۇپ ۋاڭنىڭ قۇمۇل دىيارىغا 27 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بىلسەك، «دىۋانى زوھۇرى» دىكى:

«مەلاھەت كانى ھۆسن ئىقلىمىدە يوق سەن كەبى بىر شاھ،
سېنىڭ كويۇڭدە يوق مەندەك يەنە ئىخلاسلىق بىر قول».

دېگەن مىسرالاردىن يۇسۇپ ۋاڭ بىلەن شائىر مىرزا زوھۇررىددىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئادەتتىكىچە مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى بىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ زامانداش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلەيمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئويلانغاندا، «دىۋانى زوھۇرى» يۇسۇپ ۋاڭ ھايات چاغدا، يەنى مۇئەللىپنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ «ساھىبقىران شاھ» دەپ مەدھىيىلىنىۋاتقان 1750 - يىللىرى ياكى ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 1760 - يىللىرى كىتاب قىلىپ تۈزۈلۈپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى ياكى يۇسۇپ «شاھ» قا تەقدىم قىلىنغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

ئەمدى «زوھۇرى» نىڭ «قۇياش» ناملىق شېئىرىنىڭ 1811 - يىلى قۇمۇلدا تۈزۈلگەن «باياز» غا مۇقەددىمە بولۇپ قالغانلىقىغا كەلسەك، بۇ، مىرزا زوھۇرىددىننىڭ قۇمۇل دىيارىدىكى ئەدىبلەرنىڭ «سەركىسى»، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قۇمۇلدا يارىتىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ «گۈلتاجىسى» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇقتىنى «دىۋانى زوھۇرى» دىكى غەزەللەرنىڭ ئۆزىلا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

شۇڭا، بىز «زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ زوھۇرنىدىن ھاكىمبەگ ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ «دىۋان زوھۇرى» نى نەشرگە تەييارلىغۇچى ئېيتقاندەك: «19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى ئېچىشتا ئا. نىزارى، ن. زىيائى، غەرىبى، سەبۇرىلار قاتارىدا زور رول ئوينىغان» شائىر ئەمەس، بەلكى 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ نادىر ۋەكىللىرىدىن بىرى، شۇنداقلا، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئۇستازى، دەپ قارايمىز.

ئەمدى ئۇلار سالاھىيىتى ۋە ھايات مۇساپىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى سۆزلىسۇن:

ئەي دەرىغا! ئۆمرلەر ئۆتتى غەپلەتتە يازۇ ـ قىش،
يازۇقۇم كۆپتۇر ۋە لېكىن قىلمادىم بىر ياخشى ئىش.

(ھەي ئەتتەڭ! ئۆمرۈم ياز ۋە قىش غەپلەتتە ئۆتتى، گۇناھىم كۆپ، بىرەر ياخشى ئىش قىلمىدىم).

نە ئېتىپ ئىلىم ئەھلى بىرلە بىر نەپەس دەمسازلىغ،
جەھل ئېلىگە بىر نەفەس تەرك ئەتمىدىم بارىش ـ كېلىش.

(ئىلىم ئەھلى بىلەن بىر پەس ھەمسۆھبەتمۇ بولالمىدىم، نادانلار بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشمنى بىردەممۇ تاشلىيالمىدىم).

ئوق كەبى بەرران ئۆتەر ئۆمرۈمنى بىلدىم گويىيا،
يا كەبى قەددىم ئېگىلگەندە ھاسا بولمىش كىرىش.

(ئۆمرۈمنىڭ گويا ئۇچقان ئوقتەك ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلگىنىمدە، قەددىم يادەك ئېگىلىپ، ھاسام ئۇنىڭغا كىرىچ بولدى).
— «دىۋان زوھۇرى» ، 48 ـ ، 143 ـ بەتلىرىدىن.

پېقىر شائىرنىڭ باشقا غەزەللىرىنى ئۇنىڭ شېئىرى دۇنياسى، يەنى شېئىرىي ئوبراز يارىتىش يولىدىكى ئىزىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىسامۇ، يۇقىرىدىكى مىسرالارنى ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى ھەققىدە بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن كىچىككىنە يىپ ئۇچى، دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇ، قېرىپ مۇكچىيىپ، ھاسىغا چۆشۈپ قالغۇدەك ھالغا يەتكىچە ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇنى بۇنچىلا ئالدىراشلىق ئىچىدە قويغان نەرسە پۇل ـ مال ياكى ھاۋايى ـ ھەۋەس كويى بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمەت ئىشى ـ ئەل ئىشىدۇر. شائىر 87 ـ غەزىلىدە: «نەچچە مۇددەتدۇركى ئەلنىڭ كارى ـ بارى ئەتتى دال» دېگەندەك، ئۇنىڭ «ئوردا» دىكى يۇكى بەكمۇ ئېغىر بولغاچ، ئۆزىگە ئوخشاش ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلاشقا پۇرسەت چىقىرالمىغان. ئەكسىچە، نادانلار (ئەمەلدارلار) بىلەن دائىم

بىللە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىش بېجىرىپ، خەلقنىڭ رايىغا ياقمايدىغان بەزى ئىشلارغا ھەمشېرىك بولۇپ قالغان. شۇڭا ئېغىر ۋىجدان ئازابى تارتقان:

«ئەي دەرىخا! ئۆمرلەر ئۆتتى غەپلەتتە يازۇ - قىش،
يازۇقۇم كۆپتۇر ۋە لېكىن قىلمادىم بىر ياخشى ئىش».

دەپ ئۆكۈنگەن. دېمەك، ئۇ بىر ۋىجدان ئېگىسى، شۇنداقلا ئىسمى - جىسمىغا لايىق شائىر بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى قىلغان ئىشلىرىدىن قىلچە رازى بولماي، ئېشىدا كۈلۈپ، ئىچىدە يىغلاپ، كۈنلەر ۋە تۈنلەرنى ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «شاھ يۇسۇپ» نى بىرەم كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىسا، بىردەم:

«ئىلاھ، شاھى يۇسۇفكە ئادالەت تەختىنى بەرگىل،
ئانىڭدەككىم شەھى مىرى تىمۇر ئالەمى نادىردۇر»

دەپ كىنايە قىلغان، بۇ يەردىكى «ئادالەت تەختىنى بەرگىل» دېگەن ئىلتىجا قارىماققا ئادەتتىكى جۈملىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، يۇسۇپ ۋاڭدا ئەڭ كەم نەرسە «ئەدلى - ئادالەت بىلەن يۇرت سوراش» ئىكەنلىكى شائىرنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئاشكارا جاكارلانغان.

ئۇنداقتا، مىرزا زوھۇرىددىنىنىڭ سالاھىيىتى زادى نېمە؟ بىز ئۇنىڭ «مىرزا» نى ئىسمى-نىڭ بېشىغا قوشۇپ قويغىنىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنى ئادەتتىكى بىر كاتىپ دەپ چۈشەنسەك، «نەچچە مۇددەتدۇركى ئەلنىڭ كارى - بارى ئەتتى دال» دېگەن مىسراسىدىن ئۇنىڭ باش كاتىپ ئىكەنلىكىنى مۆئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. چۈنكى ئادەتتىكى كاتىپلارنىڭ ئىشى ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، دائىم «جەھل ئېلى (ئەمەلدارلار) بىلەنلا بېرىش - كېلىش قىلىپ» ، «ئىلىم ئەھلى بىلەن بىردەممۇ ھەمسۆھبەت بولالماسلىقى» ، ھەتتا بەزى «يامان ئىش» لارغا شېرىك بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، ئۆزىگە «ئەمدى ھەق يولدا بۇ جىسمىمنى چۈن لام ئەيلەسەم» دەپ خىتاب قىلىشقا مەجبۇر بولماس ئىدى. شۇڭا بىز مىرزا زوھۇرىددىنىنىڭ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا باش كاتىپ بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا، يۇسۇپ تارخانبەگنى ئەدلى- ئادالەت بىلەن يۇرت سوراشقا دالالەت قىلىپ تۇرغانلىقى، كۆڭلىگە پۈككەن ياخشى تىلەك، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى يا يۇسۇپنىڭ قولى بىلەن ياكى ئۆزى بىۋاستە ۋۇجۇدقا چىقىرالماي خۇنۇقۇش ئىچىدە ياشاپ، گاھ «مەشۇق» نىڭ ۋىسالىنى ئىزدىسە، گاھ «ئاشىق» نىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ، ئۆمۈر كارۋىنىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يېقىنلاپ قالغىنىنى تۇيمىغان بىر ناتىۋان شائىر دەپ قارايمىز. بىز يەنە ئۇنىڭ ئۈچىنچى غەزىلىدىكى:

«ھۇببۇلۋەتەننى ياد ئېتىپ، جانىم قۇشى فەرياد ئېتۇر.

(سۆيۈملۈك ۋەتەننى ياد ئېتىپ، جان قۇشۇم پەرياد چەكمەكتە، غەم زىندانى ئىچىدە تېنىم ئەلەم، جېنىم ئازاب تارتماقتا) » دېگەن مىسرالىرى، يىگىرمىنچە غەزىلىدىكى:

«مېنىڭ فالىمدۇر ئانداغ، ئاخىرى غەم كەلسە تاڭ يوقكىم،

دەبان ھۇببۇلۋەتەن كەلمەككە بۇ مەھزۇن ئېرۇر بائىس.

(ماڭا ئاخىر غەم كەلسە ئەجەپلەنمەڭ، چۈنكى مېنىڭ تەلىيىم شۇنداق، ‹سۆيۈملۈك ۋەتەن› دەپ كېلىشىمگە مۇشۇ غەمكىنلىك سەۋەبتۇر)» دېگەن مىسرالىرى، 98 - غەزىلىدىكى:

«ئاڭلاغاچ جانىم قۇشى ھۇببەلۋەتەندىن نۇكتەئى،
جۇش ئۇرۇپ ھىجران بەلاسىن قىلدى ئەفزۇن غۇربەتىن.

(جېنىمنىڭ قۇشى سۆيۈملۈك ۋەتەن ھەققىدە شېرىن سۆز ئاڭلاپ، جۇش ئۇرغىنىدىن ھىجران بالاسىنىڭ غۇربىتىنى تېخىمۇ ئارتتۇرۋەتتى)» دېگەن مىسرالىرىدىكى «ھۇببۇلۋەتەن (سۆيۈملۈك ۋەتەن)» ھەرگىزمۇ قۇمۇل ئەمەس، بەلكى ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن باشقا بىر يۇرتتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئانا يۇرتى قۇمۇل بولۇدىغان بولسا، «ھۇببۇلۋەتەننى ياد ئېتىپ جانىم قۇشى فەرياد ئېتۇر» دەپ نالە قىلمىغان بولار ئىدى ھەم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك:

«شەھى شاھىبقىران يۇسۇپ، ئانىڭ بىر خاكپايىنى،
زۇھۇرى، سۇرسەڭ ئەر كۆزگە ساڭا فىردەۋسدۇر قامۇل.

(ئەي زۇھۇرى، ئەگەر سەن ساھىبقىران شاھ يۇسۇپنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقنى كۆزۈڭگە سۇرسەڭ، قۇمۇل سەن ئۈچۈن جەننەت بىلەن تەڭ بولىدۇ)» دېگەن مىسرالارنى يېزىپ بىر تەرەپتىن يۇسۇپ تارخانبەگنى كۆكە كۆتۈرۈپ ماختاپ، يەنە بىر تەرەپتىن قۇمۇل دىيارىدا خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ «ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقنى كۆزىگە سۇرۇش كېرەك» لىكىنى مىسرالار ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويمىغان بولاتتى. دېمەك، مىرزا زوھۇرىدىن قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا يۇقىرى ئەمەل تۇتۇپ، قارىماققا راھەت - پاراغەتتە ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، روھى جەھەتتە قاتتىق قىسىلغان، ۋەتىنى (يۇرتى) غا قايتىپ كېتەي دېسە، قانداقتۇر بىر سەۋەب يولىنى توسىغان. شۇڭا ئۇنىڭدىن توپتوغرا يۈز يىل كېيىن ياشىغان سادىر پالۋان بىر قوشىقىدا «جان باقماق ئۈچۈن ساتتىم، بېيجىڭ شەھرىدە ياگرۇ (قوي گۆشى)» دېگىنىدەك ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، «كىمنىكى يۇسۇپنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىسا، ئۇ كىشى قۇمۇلدا دەۋزەخ ئازابىنى تارتىدۇ» دېيىش ئورنىغا، يۇسۇپ ۋاڭنى ئۆزىدە يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختاپ ئۇچۇرۇش يولى بىلەن ئۇنىڭ «كۆزىنى باغلىغان» ھەم تەگرىدىن ئۇنىڭغا «ئادالەت تەختىنى بېرىش» نى تىلەش باھانىسىدا، ئۇنىڭ زالىملىقىنى پاش قىلغان.

ئەگەر مۇشۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىساق، تەبىئىيكى، مىرزا زوھۇررىدىنى «تېپىك ئوردا شائىرى»، «يۇسۇپ ۋاڭغا قولدەك سادىق، غالچا شائىر» غا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز - دە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن يوشۇرۇن مەنىلەرنى يۇقىرىدىكى «قالپاق» ئاستىغا دەپنە قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىگە ئادىل باھا بېرىشكە ئامالسىز قالىمىز. ئۇنىڭ قۇمۇللۇق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر پاكىت شۇكى، «دىۋانى زوھۇرى» دىن ئورۇن ئالغان 102 غەزەلدە قۇمۇل مەدھىيىلەنگەن بىرەر مىسرامۇ كۆزگە

چېلىقمايدۇ.

ئۇنداقتا، مىرزا زوھۇرىددىننىڭ ئانا يۇرتى قەيەر؟ ئەجدادى كىم؟
يا بېشى، ئا ئايىغى يوق بولغاننىڭ ئۈستىگە، مۇئەللىپنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلمىگەن
ھەم كۆچۈرگۈچى كاتىپنىڭ ئېتى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ۋاقتىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان «دىۋانى
زوھۇرى» دىن بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشنىڭ ھەقىقەتەن مۇمكىنچىلىكى يوق. ئەمما 18 ـ
ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ يېگانە گۆھىرىنى تەتقىق قىلىشنى
كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى، سۈپىتىدە چىڭ
تۇتۇپ ئىشلەيدىغانلا بولساق، يۇقىرىدىكى سوئاللارغا چوقۇم جاۋاب تاپالايمىز. مۇنداق دېيە-
شىمىزدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، بۇ كىتاب كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن جۇڭۋاڭغا
تەئەللۇق قىلىنىۋېتىلگەچ، ئالىم ـ تەتقىقاتچىلار بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قارىمى-
دى. ئىككىنچىدىن، 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ نادى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان
شائىر مىرزا زوھۇرىددىن 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان نىزارى،
زىيائى، غەرىبىي، سەبۇرى قاتارلىق بۈيۈك زاتلار بىلەن زامانداش شائىر، شۇنداقلا بىر
ھۆكۈمران دەپ قارىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يۇقىرىدىكى زاتلارنىڭ ئەسەر-
لىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممىتى كۆمۈۋېتىلدى.
ئەمدىچۇ؟ مىرزا زوھۇرىددىننىڭ قۇمۇلدا ياشاپ، بىر تەرەپتىن قۇمۇل ۋاڭى يۈسۈپنىڭ قول
ئاستىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللى-
نىپ، بىزگە پۈتۈنسۈرۈك بىر «دىۋان» قالدۇرۇپ كەتكەن تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكى ئايان
بولدى. 18 ـ ئەسىردە ئۇنىڭ بىلەن «تۆر» تالىشالايدىغان شائىرلاردىن كىم بار ئىدى؟
بەلكى مىرزا زوھۇرىددىن ئۇنىڭ نامى تەكرار ـ تەكرار زىكرى قىلىپ، بەزىدە «مەزھەرىي»
دېسە، بەزىدە «مەزھەرىددىن» دېگەن زاتتۇر. «دىۋانى زوھۇرى» نى نەشرگە تەييارلىغۇچى
بۇ زات ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «مەزھەرى — زوھۇرى بىلەن زامانداش ۋە يېقىن
دوست بولۇپ ئۆتكەن مەزھەرىددىن ناملىق ئۇيغۇر شائىرى» دېگەن ئىكەن، ئۇ زاتنىڭ يازمى-
لىرى چوقۇم مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يازمىلىرى بىلەن 1811 ـ
يىلى قۇمۇلدا تۈزۈلگەن «باياز» نى ۋاراقلاپ باقساق، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار بىزنى ئەدەبىياتى-
مىزنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى ئالتۇن دەۋرىگە باشلاپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا، مىرزا زوھۇرىد-
دىننىڭ ئانا يۇرتى بىلەن ئەجدادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاز ـ تولا يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىسە
ئەجەب ئەمەس ...

مەقسىتىمىز «دىۋان زوھۇرى» نى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا
كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ يۈرمەيمىز.
ئېغىز ئاچماي ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بىر نۇقتا شۇكى، بۇندىن 250 يىل ئىلگىرى
(بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق) يېزىلغان بۇ كىتابتا مۇنداق تىل ھادىسىسىنى ئۇچراتتۇق:

ئايلىدا ـ ئالدىدا

يانا ـ يەنە

قىچقىر ـ چاقىر

تۇۋاق ـ تۇياق (ئۇلاغنىڭ تۇيىقى)

مۇنداغ ـ مۇنداق

ياڭى - يېڭى
قولداش - قوللاش...

بۇ سۆزلەردىن پەقەت «ياڭى» لا ھەم يېزىقتا، ھەم ئاغزاكىي تىلدا «يېڭى» شەكلىدە «قېلىپلىشىپ» ئۆزلەشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى «شىۋە» سۈپىتىدە ھازىرمۇ ئەيەن ساقلانماقتا. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ تىل تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئەرباپلارنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز! يەنە مىرزا زۇھۇرىددىن «مىرزا ئەۋلادى» بولۇشى مۇمكىن.

ئەسلى مەقسىتىمىزگە قايتساق، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەقىقەتەن «دىۋان زوھۇرى» نىڭ ئاپتورى بولۇدىغان بولسا، ئۆز بوۋىسى ئىمىن خوجىنى قانغىچە مەدھىيىلىمەي، ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش، ئەمەلداش قۇمۇل ۋاڭى يۇسۇپ تارخانبەگنىڭ ۋاپاتىدىن ئەللىك - ئاتمىش يىل كېيىن ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا خۇشامەت قىلىپ:

«شەھى ئالى نەسەب يۇسۇف، زوھۇرىددىن ئاڭا مۇخلىس،
ئەبەن مىن جە «ھۇمايۇن بەخت كەلدى مەۋلىدى قامۇل».
«شەھى ساھىبقىران يۇسۇف، ئانىڭ بىر خاكپايىنى،
زوھۇرى، سۇرسەڭ ئەر كۆزگە، ساڭا فىردەۋسىدۇر قامۇل».

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالارنى يېزىپ يۈرمىگەن بولار ئىدى! ...

خۇلاسە كالام، «دىۋان زۇھۇرى» زۇھۇرىددىن ھاكىم بەگنىڭ بولمىغىنىدەك، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگمۇ «شائىر» ئەمەس! ...

## 2. زوھۇررىددىن ھاكىمبەگ لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجىنىڭ تۇنجى ئوغلى نۇر مۇھەممەت خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەمەس

لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجىنىڭ تۇنجى ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجا 1761 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ھېچقانداق ئەمەل - مەنسەپ تۇتمىغان. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى زوھۇرىددىن بەگنىڭ تەقدىرىمۇ دادىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان. بىراق، بەزى تەتقىقاتچىلار كېيىنكى چاغلاردىكى ئاغزاكىي مەلۇماتلارنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى «كاشغەر ھاكىمبېگى» قىلىپ قويغان. مەسىلەن، «زوھۇررىددىن ھېكىمبەگ نۇرمۇھەممەت بەگنىڭ چوڭ ئوغلى، يەنى ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ ئاتىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىنىسى ناسىر بىلەن كىچىكىدىنلا ئوردىدا ئىمىن خوجىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولىدۇ. زېرەك، ئەقىللىق بالا بولۇپ، ئوردا ئىچىدىكى موللىدا دىنىي بىلىم ئالغاندىن كېيىن، لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇپ، پارس، ئەرەب تىل - يېزىقلىرىنى ئۆگىنىدۇ. شۇ جەرياندا پارس، ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇيدۇ. 1919- يىلى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ بۇيرۇق بىلەن قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ نەۋرە ئىنىسى زوھۇرىددىنىمۇ قەشقەرگە بىللە ئېلىپ

كېتىدۇ ... ئىلى جياڭجۈنى 1830 ـ يىلى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنى قەشقەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەيدۇ» («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، 24 ـ بەتكە قاراڭ).

مۇشۇ بايانىڭ ئۆزىدىلا مۇنداق سوئاللار چىقىدۇ:

1) نۇر مۇھەممەت خوجا ئۆلگەن چاغدا، زوھۇرىددىن بەگ نەچچە ياشتا ئىدى؟

2) زوھۇرىددىن بەگ كاشغەرگە كېلىشتىن بۇرۇن نەدە، قانداق ئەمەل تۇتقان؟

3) مۇھەممەت سىيىت ۋاڭنىڭ ئۆزى كاشغەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەندە نەچچە ياشتا ئىدى؟

4) زوھۇرىددىن بەگنى «كاشغەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىگەن ئىلى جياڭجۈنى» كىم؟

قارىغاندا، مۇئەللىپ يۇقىرىدىكى نۇقتىلاردا ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا بىز خام ـ خۇتىلا قىياسىمىز ۋە بەزى يازما مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ، بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىپ باماقچىمىز:

بىرىنچى، زوھۇرىددىن بەگ دادىسى ۋاپات بولغان چاغدا (1761 ـ يىلى) تەخمىنەن ئون ياشقا كىرگەن بولسا، «بىر نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ ئۇنى كاشغەرگە بىللە ئېلىپ كەلگەن» چاغدا (1819 ـ يىلى) ئۇ زات 68 ياشقا كىرگەن. «كاشغەرنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن» چاغدا (1830 ـ يىلى) 79 ياشقا كىرگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ «1852 ـ يىلى لۈكچۈننىڭ دېھقانسۇ دېگەن يېرىدە كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن» (شۇ كىتابنىڭ 29 ـ بېتىگە قاراڭ) لىكى راست بولسا، ئاتالمىش «نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى، كاشغەرنىڭ ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن جۇڭۋاڭ» ھاياتلىق ئالىمىدە 101 يىل ياشىغان بولىدۇ. شۇڭا بىز بۇنداق مۇمكىنچىلىكنىڭ بولۇشىغا قەتئىي ئىشەنمەيمىز.

ئىككىنچى، ھەرقانچە ئىزدەنگەن بولساقمۇ، «نۇر مۇھەممەت خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى زوھۇرىددىن بەگ» نىڭ ھەقىقەتەن كاشغەرگە كەلگەنلىكى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن نەدە، قانداق ئەمەل ـ مەنسەپ تۇتقانلىقىغا ئائىت تېرىقچىلىق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدۇق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 68 ياشقا كىرگىچە كاشغەرگە دەسسەپمۇ باقماي، «1819 ـ يىلى بىر نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ بىلەن بىللە كاشغەرگە كەلگەن» لىكى بىزنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويىدى. ئاخىردا شۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇقكى، «نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى زوھۇ-رىددىن بەگ» نىڭ «كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولغان» لىقى بىر خىل ئۇقۇشماسلىق، شۇنداقلا، كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن رىۋايەت، خالاس. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرى ئىچىدە «زوھۇرىد-دىن» ئاتلىق كىشىدىن ئىككىسى بولغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق (بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز).

ئۈچىنچى، مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ ئىمىن خوجىنىڭ سەككىزىنچى ئوغلى فەرىدۇن خوجىنىڭ ئوغلى بولۇپ، فەرىدۇن خوجا 1814 ـ يىلى كاشغەرنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، 1815 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. 1816 ـ يىلى مۇھەممەد سىيىت دادىسىنىڭ «جۇنۋاڭ» لىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، «ھاكىم بەگ» لىك مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلمىغان. شۇڭا كۇچا ۋاڭلىرىدىن مىرزا ھېدىيىنىڭ نەۋرىسى (1778 ـ يىلدىن 1788 ـ يىلغىچە كاشغەرگە ھاكىم بەگ بولغان مىرزا ئوسمان بەيسى بېگىمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى) مىرزا ئىسھاق (ئىزاق) جۇنۋاڭ يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئورنىنى بېسىپ، 1820 ـ يىلىغىچە

كاشغەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كېيىن ئۇ نەگىدۇ يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەد سىيىت جۇنۋاڭ تەيىنلەنگەن. بۇ ھەقتە خەنزۇ تەتقىقاتچىلار ئوردا تارىخنامىلىرىدىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق يازىدۇ: «1821 ـ يىلى (داۋگۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، كاشغەرگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىمبەگ مۇھەممەت سىيىتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىشى ئۈچۈن كۈمۈش ئىنئام قىلىندى» («قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» بىرىنچى توپلام، 112 ـ، 123 ـ بەتلەرگە قاراڭ). بىز بۇ مەلۇماتتىن مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىنى چۈشىنىۋالىمىز: (1) مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ «1819 ـ يىلى كاشغەرنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن» بولماستىن، بەلكى ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ 1820 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 1821 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان. (2) ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ خېلى بىر مەزگىلگىچە خوتۇن ـ بالىلىرىنى كاشغەرگە كۆچۈرۈپ كەلمىگەن. چۈنكى خەنزۇ ئاپتورلار-نىڭ يازمىلىرىدا، چىڭ سۇلالىسى بۇ دىيارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن تاكى «مىنـ-گو» قۇرۇلغىچە ئۆتكەن 153 يىلدا، مۇھەممەت سىيىت ۋاڭدىن بۆلەك ھېچقانداق ھاكىم بەگكە «ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىشى ئۈچۈن كۈمۈش ئىنئام قىلىنغان» لىقى تىلغا ئېلىنمايدۇ. (3) زوھۇرىددىن بەگ ئەنە شۇ «كۆچۈرۈپ كېلىنگەن» لەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە، شۇنداق ئىكەن، 68 ياشلىق «بىر نەۋرە ئىنىسى زوھۇرىددىن بەگنى كاشغەرگە بىللە ئېلىپ كەلگەن» مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ كەم دېگەندىمۇ 70 ياشتىن ھالقىغان بوۋاي بولىدۇ. بۇنداق مۇمكىنچىلىك مەۋجۇدمۇ؟

بىزنىڭچە، ياق! چۈنكى زوھۇرىددىن بەگ ئىمىن خوجىنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ بالىسى بولسا، مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ ئۇنىڭ سەككىزىنچى ئوغلى فەرىدۇن ۋاڭنىڭ بالىسى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئويلانغاندا، مۇھەممەت سىيىت ۋاڭنىڭ زوھۇرىددىن بەگكە «بىرنەۋرە ئاكا» بولۇپ قېلىشى پەقەت ئەقىلغا سىغمايدۇ. «بىر نەۋرە ئىنى» دەيلى دېسەك، مۇھەممەت سىيىت ۋاڭنىڭ زوھۇرىددىن بەگنى «كاشغەرگە بىللە ئېلىپ كەلگەن» لىكى «تۆگىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ قويغاندەك» ئىش بولۇپ قالامدۇ؟! دېمەك، مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ كاشغەرگە «بىللە ئېلىپ كەلگەن» زوھۇرىددىن بەگ ھەرگىزمۇ «نۇر مۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى» ئەمەس، بەلكى ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر «زوھۇرىددىن» دۇر. مۇھەممەت سىيىت ۋاڭمۇ كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن چاغدا، 68 ياشلىق بوۋايغا «بىر نەۋرە ئاكا» بولغىدەك ئۆلۈمتۈك قېرى بولماستىن، بەلكى ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى نەۋقىراندۇر. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ دادىسى ئۆلۈپ بەش ـ ئالتە يىلدىن كېيىن ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەنلىكى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب: پەرىدۇن ۋاڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ، مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگىچە ئۆتكەن بەش ـ ئالتە يىل جەريانىدا كاشغەرنىڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغاچ، ئىلى جياڭجۈنى سۇڭ جۈن بىلەن چىڭ نىڭ، سۇڭ فۇ قاتارلىق نەچچىلەپ مەسلىھەتچى ئامبال، ياردەمچى نازارەتچى ئامباللار مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان، دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ يۆتكىۋېتىلـ-گەن، ھەتتا ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. پەقەت مىرزا ئىسھاق جۇنۋاڭلا قەيسەرلىك بىلەن پۇت تىرەپ تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى چاغدا، مۇھەممەت سىيىت ۋاڭدا كاشغەردەك مۇرەككەپ يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغىدەك ئىقتىدار يېتىلمىگەچ، دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن بىر يىل كېيىن ئۇنىڭ «جۇنۋاڭ» لىق ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، بەش يىلدىن كېيىن «ھاكىمبەگلىك

تەختى» گە ئېرىشەلىگەن.

تۆتىنچى، «نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى زوھۇرىددىن بەگنى ئىلى جياڭجۈنى كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىگەن» دېگەن بايان ناھايىتى زور ئۇقۇشماسلىقتا سەۋەبكار بولۇپ، بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتمىسەك (گەرچە ئۇ تېمىمىزغا قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ)، تارىخ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلمىغان بولىدىكەنمىز. شۇڭا «ئىلى جياڭجۈنى» نىڭ ھەربىي، مەمۇرىي دەرىجىسى بىلەن ھوقۇق دائىرىسى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتسەك يامان بولماس. «ئىلى جياڭجۈنى» نىڭ ھەربىي ئۇنۋانى گېنېرال بولۇپ، مەمۇرىي دەرىجىسى ئۆلكە باشلىقىغا تەڭ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭغا «ھاكىمبەگ تەيىنلەش» ھوقۇقى بېرىلمىگەن. ھاكىمبەگلەرنىڭ دەرىجىسى ھەرخىل بولۇپ كاشغەر، ئاقسۇ، ياركەنت، خوتەنلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى ۋالىيلار بىلەن تەڭ بولسا، باشقا يۇرتلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى ھازىرقى ھاكىم (ناھىيە باشلىقى) غا تەڭ بولغان. «ھاكىمبەگلەر بىلەن ئىشىك ئاغا بەگلەرنىڭ نامزاتىنى ئىلى جياڭجۈنى كۆرسىتىپ، پادىشاھ ئوردىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش» تۈزۈمى مەڭگۈلۈك بولۇپ، «مىنگو» قۇرۇلغىچە داۋاملاشقان. ئىشىك ئاغا بەگلەرنىمۇ پادىشاھ ئوردىسىنىڭ تەيىنلىشى ھاكىمبەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىش يولىدا قوللىنىلغان تەدبىر ھېسابلىنىدۇ (لىيۇزېشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» غا قاراڭ).

يىغىپ ئېيتقاندا، نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى زوھۇرىددىن بەگ كاشغەرگە ھاكىم بەگ بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كاشغەرگە دەسسەپمۇ باقمىغان. بەلكى ئۇ، كاشغەردىن بۆلەك يۇرتتا ئەمەل تۇتقان ياكى دادىسىغا ئوخشاشلا ئەمەل تۇتۇشقا ئۈلگۈرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

## 3. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاتىسى ۋە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى

يۇقىرىدا بىز كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن جوڭۋاڭنىڭ 18 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، «دىۋانى زوھۇرى» نىڭ مۇئەللىپى «مىرزا زوھۇرىددىن» ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ «لۈكچۈن ۋاڭى ئەمىن خوجىنىڭ تۆتىنجى ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى زوھۇرىددىن بەگ» ئەمەسلىكىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدۇق. ئەمدى بىز تارىخ ساھەسىدىكى ئالىم - تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «زوھۇرىددىن جوڭۋاڭ»، «زوھۇرىددىن خان ئامبال»، «تاجى ھېكىم بەگ» دېگەندەك پەخرىي ناملار بىلەن قاتار - قاتار قەلەمگە ئېلىنىپ كېلىۋاتقان، ئەمەلىيەتتىمۇ كاشغەردە ھوقۇق تۇتقان يىللاردا ئۇنتۇلغۇسىز كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان قابىل ھۆكۈمران — زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ كىملىكى، ئۇنىڭ نەسەبى كىمگە تۇتىشىدىغانلىقى، ئاتىسى ۋە ئۆزىنىڭ يۇرتىمىز تارىخىدا قالدۇرغان ئىزلىرى ۋە ئۇلارغا ياندىشىپ ئىشلىگەن مانجۇ - خەنزۇ، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار ھەققىدە بىلەلىگەنلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى:

سوئال: زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ زادى كىمنىڭ ئوغلى؟

جاۋاب: ئۇيغۇر ئاپتورلار ئۇنى ئىزچىل «نۇر مۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى» دەپ قاراپ،

تەكرار ـ تەكرار قەلەمگە ئېلىپ كەلگەن، پېقىرمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇشۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپ يۈرگەن ئىدىم. تارىخچى ۋاڭ شىياڭنىڭ ئوردا ئارخىپلىرىنى مەنبە قىلىپ يازغان تۆۋەندىكى بايانلىرى بۇ قارىشىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ مۇنداق يازغان:

«1826 ـ يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جاھانگىر خوجا كاشغەر مۇسۇلمانلار قەلئەسى (ئىچكىرىكى شەھەر ـ ئاپتور) گە ھۇجۇم قىلدى. ھاكىمبەگ مۇھەممەت سېيىت بىلەن قايتىۋاشتىن ۋەزىپىگە قويۇلغان كاشغەرنىڭ سابىق ھاكىمبېگى يۇنۇس جۇنۋاڭ (ئىناچخان) سوقۇشتا بىرلا ۋاقىتتا ئۆلدى. يۇنۇسنىڭ ئوغلى زوھۇرىددىن ئەسىرگە ئېلىندى» («قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»، بىرىنچى توپلام، 126 ـ بەتكە قاراڭ).

بۇ مەلۇماتتىكى «ھاكىم مۇھەممەت سېيىت» دەل ھەممە ئېتىراپ قىلغان «مۇھەممەت جۇنۋاڭ» بولۇپ، «قايتىۋاشتىن ۋەزىپىگە قويۇلغان كاشغەرنىڭ سابىق ھاكىمبېگى يۇنۇس جۇنۋاڭ» مۇھەممەت سېيىت جۇنۋاڭنىڭ تاغىسى ئىسكەندەر ۋاڭ (ئىمىن خوجىنىڭ 6 ـ ئوغلى) نىڭ ئوغلىدۇر. ئىسكەندەر ۋاڭ كاشغەرنى يىگىرمە نەچچە يىل مۇستەقىل سورىغان بولۇپ، ئۇ 1811 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، جەسىتى ئانا يۇرتى لۈكچۈنگە ئېلىپ كېتىلگەن (ئۇ ھايات چاغدا ئۆزى ئۈچۈن ياساتقان قەبرىگاھ «ئاق مازار» ياكى «ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ گۈمبىزى» دەپ ئاتىلىپ، ھازىرمۇ ئەينەن ساقلانماقتا. ئورنى قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئائىلە قورۇسى ئىچىدە). يۇنۇس شۇ يىلى دادىسىنىڭ «جۇنۋاڭ» لىق ئۇنۋانى بىلەن «ھاكىم بەگ» لىك مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كاشغەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. بۇ جەريانىدا ئۇ خەلققە زۇلۇم سېلىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ ئاشلىق بېسىمدار-لىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۇقرالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا يول قويۇپ، قاتتىق نارازىلىق پەيدا قىلغان ھەم 1813 ـ موللا سوپى، نىياز سوپى قاتارلىق تۆت كىشىنى قىيىن قىستاققا ئېلىپ، ئۇلارغا «بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئوغلى سامساق خوجا بىلەن تىل بىرىكتۈر-گەن» دەپ ساختا ئىقرارنامە يازدۇرۇپ ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەم ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىگە سۈرگۈن قىلغان (ئەمەلىيەتتە، سامساق خوجا بىلەن مەخپىي ئالاقىلاشقان كىشى ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى). ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مەنچىڭ ھۆكۈمىتى 1814 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىلى جياڭجۈنى سۇڭ جۈن بىلەن مىرزا ئىسھاق جۇنۋاڭنى ھاكىمبەگلىك سالاھىيەت بىلەن بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى. تەكشۈ-رۈش ئارقىلىق، يۇسۇپ جۇنۋاڭنىڭ جىنايىتى ئېنىقلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئەمما خان ئوردىسى ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆلۈم جازاسىنى «ئىلىغا مەڭگۈلۈك سۈرگۈن قىلىپ، رىجىم ئاستىدا تۇتۇش» قا ئۆزگەرتتى (يۇقى-رىدىكى مەجمۇئەنىڭ 118 ـ بېتىگە قاراڭ). خوتۇنىغا ئۆلۈم جازاسى بەردى («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» نىڭ 22 ـ بېتىگە قاراڭ) ۋە ئىمىن خوجىنىڭ سەككىزىنچى ئوغلى فەرىدۇن ۋاڭنى كاشغەرنىڭ مۇئاۋىن ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلىدى. ھەم ئاتىسىدىن، ھەم ئانىسىدىن بىراقلا ئايرىلغان «يۇنۇسنىڭ ئوغلى زوھۇرىددىن» دادىسىنىڭ تاغىسى فەرىدۇن ۋاڭنىڭ تەربىيىسىگە قالدى. 1815 ـ يىلى فەرىدۇن ۋاڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ، زوھۇرىددىننى نەدىدۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر نەۋرە تاغىسى مۇھەممەت سېيىت ۋاڭ ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى ۋە 1820 ـ يىلى كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن چاغدا، يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان زوھۇرىددىننىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىپ، «ھاكىمبەگ ئوردىسى» دا يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارغا سالدى. زوھۇرىددىن ھاكىم بەگ ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان

ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك: «مۇھەممەت سېيىت ۋاڭ زوھورىددىننى بىللە ئېلىپ كېلىپ، ئوردىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرگەن» دەپ يېزىپ كېلىشىۋاتىدۇ. بىزنىڭچە «ياردەملىشىش» زوھورىددىننىڭ شۇ چاغدىن باشلاپلا مەلۇم ئەمەل - مەنسەپ تۇتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە، بىز ئۇنى «ئوردىنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. چۈنكى، ھېچقانداق بىر ھۆكۈمەت ئۆزى ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ، دادىسىنى مەڭگۈلۈك سۈرگۈن قىلغان بىر ئادەمگە ئىشىنىپ ئەمەل - مەنسەپ بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ «ئوردا» نىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرمەيدۇ. بۇ ھەممە كىشىگە ئايان بولغان ئەقەللىي ساۋات. زوھورىددىننىڭ «ئوردا» نىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى «ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىمەي مۇۋاپىق تۇرمۇش يولى بەرگەن» لىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىدا بىز زوھورىددىن ھاكىمبەگنىڭ «نۇر مۇھەممەت خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى زوھورىددىن بەگ» ئەمەس، بەلكى ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ نەۋرىسى، يەنى ئۇنىڭ ۋارىسى يۇنۇس جۇنۋاڭنىڭ ئوغلى زوھورىددىن ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ «كاشغەردە تۇغۇلغان» لىقىمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى، ئىسكەندەر ۋاڭ 1779 - يىلى كاشغەرنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، 1811 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكىچە، بۇ يەردە 32 يىل ياشىغان. ئۇنىڭ بەزى پەرزەنتلىرى لۈكچۈندە تۇغۇلغان بولسا، بەزى پەرزەنتلىرى بىلەن نەۋرىلىرى كاشغەردە تۇغۇلغان بولىدۇ. زوھورىددىنمۇ ئەنە شۇ نەۋرىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ... ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز نەۋرىسىگە «زوھورىددىن» دەپ ئات قويۇپ بەرگىنىگە كەلسەك، ئىسكەندەر ۋاڭ ئاكىسى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ پۇشتىدىن تۆرىلىپ، نېمە سەۋەب بىلەندۇر ئۆلۈپ كەتكەن «زوھورىددىن بەگ» نىڭ نامىنى ئۆچۈرۈپ قويۇشنى راۋا كۆرمىگەن، ئوغلى يۇنۇسمۇ قارشى تۇرمىغان. نەتىجىدە، ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرى ئىچىدە «ئىمىن خوجا» ئاتلىق كىشىدىن ئىككىسى بولغىنىدەك، «زوھورىددىن» ئاتلىق كىشىدىنمۇ ئىككىسى بولۇپ قېلىشقا سەۋەبچى بولغان. گەرچە بۇ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ ئېتىنى كېيىنكىلەرگە «تەۋەررۈك» قىلىش ئادىتىمىزگە نىسبەتەن قىلچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق نورمال ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بەزى ئەربابلىرىمىزنىڭ يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى كىچىك زوھورىددىن بىلەن يەتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان چوڭ زوھورىددىننى بىر كىشى سۈپىتىدە قەلەمگە ئېلىشتەك يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش، ھەتتا 18 - ئەسىردە قۇمۇلدا ياشاپ، ئىجاد قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن لىرىك شائىر مىرزا زوھورىددىننىڭ بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن يېگانە كىتابى «دىۋانى زوھورى» نىمۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىۋېتىشىگە، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، ئوقۇرمەنلەرگە تارىخنى، تارىخىي چىنلىقنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشكە سەۋەبچى بولغان!...

خوش، ئەمدى بىز كاشغەر ھاكىمبېگى زوھورىددىن جۇنۋاڭنىڭ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىشتىن بۇرۇنقى كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى: زوھورىددىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ 14 - 15 - ياشقا كىرگىچە، تارىختا مەشھۇر ھۆكۈمران ئىسكەندەر ۋاڭ بىلەن يۇنۇس ۋاڭ ئائىلىسىدە «باغنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك» خاتىرجەم، خۇشال - خورام ياشىغان ۋە كاشغەر «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇپ، مۇھەممەت سادىق ئەلەم (كاشغەرى) قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلارنىڭ تەربىيىسىدە مۇناسىپ بىلىم ئالغان. ئانىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، دادىسى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، دەسلەپ دادىسىنىڭ تاغىسى فەرىدۇن ۋاڭنىڭ، كېيىنچە

بىر نەۋرە تاغىسى مۇھەممەت سىيىت جۇڭۋاڭنىڭ ھامىيلىقىدا قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان ۋە يىگىرمە ياشلىرىدا مۇھەممەت سىيىت جۇڭۋاڭنىڭ «ھاكىمبەگلىك ئوردىسى»دا يۈگۈر - يېتىم ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز رىسقىنى ئۆزى تېپىپ يېگەن. جاھانگىر خوجا كاشغەرنى قايتا - قايتا پاراكەندە قىلىشقا باشلىغاندا (1824 - يىلى) پادىشاھ داۋگۇاڭ ئۇنىڭ دادىسى يۇنۇس جۇڭۋاڭنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ كاشغەرنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىگەن. ئون يىلدەك يېتىمچىلىك ئازابىنى تارتقان زوھۇرىددىنمۇ ئاتا باغرىغا قېتىپ، چىرايىغا قان يۈگۈرگەن. بىراق ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنى 1826 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جاھانگىر خوجا كاشغەر شەھىرى (ئىچكىرىدىكى شەھەر) نى بېسىۋالغان. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مۇھەممەت سىيىت جۇڭۋاڭ بىلەن يۇنۇس جۇڭۋاڭنى ئۆلتۈرۈپ، زوھۇرىددىننى ئەسىرگە ئالغان - يۇ، ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن. زوھۇرىددىن پۇرسەت تېپىپ قېچىپ، ئوپالغا بېرىۋالغان. بەزىلەرنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئۇ سىجىلات (كاتىپ) ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ يۇرتدىشى، ئوپالنىڭ ئازىق (قۇمباغ) كەنتىدىكى ئەڭ كاتتا باي چوڭبەگنىڭ ئارزۇلۇق قىزى مەرەم خېنىمنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان بولۇپ، مەرەم خېنىم كېيىنكى چاغلاردا «ھېكىم ئاغچام» دەپ ئاتالغان (ھازىرقى كاشغەر شەھىرىدىكى «ھېكىم ئاغچام كوچىسى» مەرەم خېنىمنىڭ ئولتۇراق جايى سانىلىدۇ). زوھۇرىددىن ئوپالدا بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئابدۇرېھىم نىزارى، غوجارا ئاخۇنۇم (مەرەم خېنىمنىڭ ئاكىسى، «غوجارا ئاخۇنۇم كوچىسى» مۇشۇ كىشى ئولتۇراقلاشقان جاي)، غەزنىچى بەگ (بۇ كىشى نامىدا بىر مەھەللە بار) قاتارلىق ئوپاللىق ئوردا ئەربابلىرىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ياردىمى بىلەن كاشغەردىن ئايرىلىپ، قوقەنت خانلىقى تەۋەسىگە ئۆتۈۋالغان. بۇ ھەقتە شائىر نىزارى (ياكى زىيائى) زوھۇرىددىننىڭ تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇشۇل ۋەقتىكىم ھادىسە يۈزلىنىپ،
سەمادىن بەلا باشىمىزغە كېلىپ.
ماڭا نەچچە كۈن يەتتى مەھبۇسلۇق،
ئەزىز جاندىن ئولدىكى مەئيۇسلۇق.
ئەمەلدارلار ئەيلەدى مەسلەھەت،
چىقارماققە بىزنى قىلدى مەشۋەرەت».
(— «نىزارى داستانلىرى» 54 - بەتكە قاراڭ)

يۇقىرىدىكى مىسرالاردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، زوھۇرىددىن بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، قانداقتۇ «پادىچى قىياپىتىدە ياسىنىپ» ياكى «سودا كارۋىنىغا قېتىلىپ چېگرىدىن ئۆتۈۋالغان» بولماستىن، بەلكى يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان «ئەمەلدارلارنىڭ قايتا - قايتا باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىشى ۋە شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى نەتىجىسىدە، جېنىنى قۇتقۇزۇپ، قوقەنت خانلىقى تەۋەسىگە ئۆتۈۋالغان. چۈنكى بۇ چاغدا، جاھانگىر خوجا يۈز مىڭلاپ ئادەمنى قوزغاپ كاشغەرنى ئىشغال قىلىپلا قالماستىن، كاشغەر بىلەن قوقەنت خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئېغىزلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئېلىپ بولغان ئىدى. شۇڭا يۇقىرىدىكى «ئەمەلدارلار»نىڭ ئەقىل - پاراسىتى زوھۇرىددىننىڭ چېگرىدىن چىقىۋېلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. يۇقىرىدىكى كىتابتا يېزىلىشىچە، زوھۇرىددىن چېگرىدىن

چىقىپ ئوش، قوقەنت، ئۇرە تۆپە، سەمەرقەنت، بۇخارا، تورۇسكە، قىزىل جار، ھۆبى قاتارلىق شەھەر ـ قەلئەلەرنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا، ئۇ يەردىكى مەشھۇر مازار ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلغان ھەم بىر نەۋرە تاغىسى مۇھەممەت سىيىت ۋاڭنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى ئەفرىدۇنغا «جۇنۋاڭ» لىق ئوتىغات بېرىلىپ، لوكچۇن ۋاڭلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى تەبرىكلەپ خەت يازغان. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ، نىزارى (ياكى زىيائى) تەرىپىدىن نەزم شەكلىدە قەلەمگە ئېلىنغان بۇ خەتتە مۇنداق مەزمۇنلار بار:

«زوھۇرىددىن ئەتتى ساڭا بەندەلىك،
تۇمەن قۇللۇق ھەم سەرەفكەندەلىك ...
كى شاھزادە خانلىققە لايىق خوجام،
ئېرۇر مېھر يەڭلىغ چىرايلىق خوجام ...
فەقىر، ناتەۋان، بىنەۋا، تەشنەلەب،
خوجەم بارەسىدە قىلدۇرمەن تەلەب ...
قالىپمەن ئاتاڭ بەزمىدىن يادكار،
كۆڭۈلدە سىنىڭ فۇرقەتىڭ دەردى بار ...
ئىلاجىم ئەگەر بولسا كەتسەم ئىدى،
جەنابىڭ ھوزۇرىغە يەتسەم ئىدى.
ئىلاجىمغە چارە تاپالمادىم،
ئۆزۈمچە قاشىڭغە بارالمادىم.
يەنە ئەرزىم ئولكى ئەيا شاھزاد،
ئەدەب ئىلمىگە ئەيلەگىل ئىنقىياد.
كى مەشغۇل بولغىل ئىلمي رەببانىغە،
نەزەر ئەيلەگىل تەڭرى قۇرئانىغە ...
بۇ غەمكەش مۇسافىرنى ھەم ياد قىل،
كى ياد ئەيلەبان خەستەنى شاد قىل».

بەزى تەتقىقاتچىلار «كى مەشغۇل بولغىل ئىلمي رەببانىغە، نەزەر ئەيلەگىل تەڭرى قۇرئانىغە» دېگەن مىسرالارنى «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىگە قىلغان خىتابى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋەتتى. ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، «نىزارى داستانلىرى» نىڭ 46 ـ 53 ـ بەتلىرى بۇ ئۇقۇشماسلىقنى تۈزىتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

زوھۇرىددىن ئاخىر شەمەيگە بېرىپ توختىغان. ئۇ شەمەيگە بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«كى مۇندا داغى ساھىب ئېھسان ئېرۇر،
مۇسەمما ئاڭا مىر قۇربان ئېرۇر.
بۇ قىلغان كەرەم ھېچ ئادەمدە يوق،
كى ئادەم ئارا بەلكى ھاتەمدە يوق.
ئۆزى داغى ئول پىر مۇيى سەفىد،

ئانىڭدىن تاپار بەھرە ھەر نائۇمىد.
قەدىم كىرگەن ئىركەن ئىلە ئىچرە ئول،
كى سەۋدا ئۈچۈن بەلكى تاپماقغە يول.
گۈلۈڭ ئەۋرەڭزەپ ئەتمىش ئاڭا كۆپ نەزەر،
كى تۇججار ئىلىدا بىلىپ مۆئتەبەر ...
كى بىزگە خەرىدارلىق ئەيلەدى،
مەدەد ئەيلەبان يارلىق ئەيلەدى.
كى فەرزەند ئولۇپدۇر، ئاتى مىرۋەفا،
ۋۇجۇدى ۋەفادۇر، ۋافادۇر، ۋەفا ...
بۇ ساھىب كەرەمدىن قىلىبان ۋىداع،
يەنە گەشت قىلماقغە قىلدىم شۇجاع ...
شەمەيدىن يۈرۈپ، ئىلەغە كولگۈچە،
نە كۈندۈز تىنىپمىز، يۈرۈپ نە كېچە ...

بۇ مىسرالاردىن بىلىش تەس ئەمەسكى، زوھۇرىددىن شەمەيگە كېلىپلا مىرقۇربان ئىسمەلىك سېخى سودىگەر مويسىپىتتا يولۇققان. بۇ سودىگەر بىر چاغدا ئىلىغا بېرىپ، ئىلى ھاكىمبېگى، ئىمىن خوجىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئەۋرەڭزەپ (غولام خوجا) ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ئىكەن. مانا ئەمدى بۇ كىشى «ۋاپاغا ۋاپا قىلىپ، زوھۇرىددىنغا خەيرىخالىق قىلىشقا باشلاپتۇ. زوھۇرىددىن ئۇنىڭ ئوغلى مىرۋەفا بىلەن ئاكا - ئۇكىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىرۋەفا زوھۇرىددىننى ئىلىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.»

بىز «نىزارى داستانلىرى»نى تەكرار - تەكرار ۋاراقلاپ يۈرۈپمۇ، زوھۇرىددىننىڭ قوقەنت خانلىقى تەۋەسىدە بەش يىلدەك تۇرۇش جەريانىدا بىرەر بىلىم يۇرتىدا «ئوقۇغان»لىقىغا ئائىت تېرىقچىلىق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدۇق. ئەكسىچە، بەزى تەتقىقاتچىلار رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئاغزاكي مەلۇماتنى ئاساس قىلىپ زوھۇرىددىننى «ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتۈپ، بۇخارا، تاشكەنت، سەمەرقەنتلەردە ئوقۇيدۇ» («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»نىڭ 24 - بېتىگە قاراڭ) دەپ يېزىپ، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى»نىڭ ئېچىلىشىنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگدەك «بىلىم ئىگىسى»نىڭ كاشغەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ. بىزنىڭچە، ئەدىبنى دەۋر تۇغدۇ. ئۇنىڭ ئەمگىكى مۇتلەق خۇسۇسىي ئەمگەك بولۇپ، ئۆزى ئىجتىھات بىلەن ئىجاد قىلمىسا، پادىشاھ ئوردىسىمۇ ئۇنىڭغا بىر تال چېكىت تۇغۇپ بەرمەيدۇ. جاللاتنىڭ قىلىچى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالالىسىمۇ، ئۇنىڭ تىلىدىن بىرەر سۆز ئالالمايدۇ. مۇبادا ئۇ ئىجتىھات كەمرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، قەلەم دۇلدۇلىغا قامچا ئۇرۇدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا نىسبەتەن زىندانمۇ بىپايان كۆك، چەكسىز ئىجادىيەت دېڭىزىدەك تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدىن ئۇرغىغان سۆز جاۋاھىراتلىرى قەغەز يۈزىگە فونتاندەك تۆكۈلىدۇ. مەنسۇر ھەللاجى بىلەن مەشرەپ بۇنىڭ تىپىك مىسالى ... دۇرۇس، «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرى»دە، كاشغەر «ھاكىم بەگ ئوردىسى»دا دىۋان شاھان (باش كاتىپ) ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن (غەريبي)، نورۇز ئاخۇن (زىيائى)، ئېمىرھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىق بۈيۈك تالانت ئىگىلىرى كاتىپ بولۇپ

ئىشلىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ «ئوردا» دىكى ۋەزىپىسى: كۇنبويى مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىش - ئىجاد قىلىش ئەمەس، بەلكى بارلىق ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، «هاكىمەبەگ» نىڭ يۇرتىنى ئىدارە قىلىشىغا «هاسا» بولۇپ بېرىش، يەنى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ، پىلان - تەدبىر تۇزۇپ، ئۇنى يېتەكلەش ئىدى ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، يۇقىرىدىكى ئۇلۇغ زاتلارغا هازىرقى كەسپىي يازغۇچىلىرىمىزغا بېرىلگەندەك يۇقىرى مۇئاش، ھەقسىز قاتناش قورالى، ھەقسىز ياتاق، كاماندىرۇپكا پۇلى ... دېگەندەك ئىمتىيازلار بېرىلىپ، مەخسۇس ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇۋېتىلمىگەن (زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ مەخسۇس يېزىقچىلىق گورۇپپىسى تەشكىللەپ، «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» قاتارلىق كىتابلارنى يازدۇرغانلىقى باشقا بىر گەپ). ئەكسىچە، ئۇلارغا تاپشۇرغىنى «ئىش، ئىش، ئىش» ئىدى. ئۇلار مۇشۇ «ئىش» لارنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاۋام خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئالدىدىكى ئابرۇيىنى كۇنسېرى ئۆستۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، كېچىنى كۇندۇزگە ئۇلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەتكە شۇنچە كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ «خۇسۇسىي ئەمگەك» لىرىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ «دىۋان شاھان» ياكى «ئوردا كاتىپى» بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. مۇبادا، بىز ھەدېسىلا جان قايغۇسى، ئەمەل قايغۇسىدا سەرگەردان بولۇپ يۇرگەن زوھۇرىددىنغا «ئۇ يەردە ئوقۇغان، بۇ يەردە ئوقۇغان» ، «ئۇنى ئۆگەنگەن، بۇنى ئۆگەنگەن» دېگەنگە ئوخشاش «تاج» لارنى كىيگۇزۇۋېرىدىغان بولساق، زوھۇرىددىن ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن، نىزارى (ياكى زىيائى) تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان يۇقىرىدىكى ئۆچمەس پاكىتلارنى ئىنكار قىلغان بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، زوھۇرىددىنغا «هاسا» بولۇپ بەرگەن يۇقىرىدىكى بۇيۇك زاتلارنى «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگدىن ئىبارەت (هاسا) غا تايىنىپ، ئىجادىيەتنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە كۆتۇرۇلۇپ، بىزگە شۇنچە كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى مىراس قالدۇرۇپ كېتەلىگەن» دېگەن تۇيغۇغا ئەسىر بولۇپ، بۇ زاتلارنىڭ جاپالىق «خۇسۇسىي ئەمگەك» ى بەدىلىگە كەلگەن نادىر ئەسەرلىرى بىلەن يۇكسەك ئابرۇيى ۋە تارىخىي ئورنىنى يەرگە ئۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى تۇيمايلا قالىمىز. بۇ تارىخ تەتقىقاتى ئۇچۇن بىر پاجىئە ئەمەسمۇ!؟ ...

تولىمۇ ئاددىي بىر ساۋات:

«كى شاھزادە، خانلىقغە لايىق خوجام،
ئېرۇر مېھر يەڭلىغ چىرايلىق خوجام»

دەپ مەدھىيىلىنىۋاتقان كىشى — ئالتە ياشلىق ئەفرىدۇن ۋاڭ قانچىلىك «ئوقۇغان» قانچىلىك «بىلىم» ئىگىلىگەن بولغىيدى؟ بىزنىڭچە، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئاران «ئېلىپبە» نى توگەتكەن. ئۇنىڭ بېشىدا «جۇنۋاڭ» لىق تاجى بار. مۇشۇ «تاج» ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالىم - ئۆلىمالارنى «هاسا» بولۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان. زوھۇرىددىنمۇ چەكلىك بىلىمى، چەكسىز ھوقۇقىغا تايىنىپ يۇقىرىدىكى بۇيۇك زاتلارنى «هاسا» قىلىۋېلىپ، تارىختا «مەردپەتپەرۋەر زات» ، «ئىسلاھاتچى» دېگەندەك ناملارنى قالدۇرالىغان. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئالتۇننى تۆمۇر، تۆمۇرنى ئالتۇن قىلغىلى بولمىغاندەك، نادانىنى «يۆلەپ» ئالىم، ئالىمنى «بېسىپ» نادانغا ئايلاندۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ تارىخ ئىسپاتلىغان ھەقىقەت ...

(داۋامى بار)

(ئابلا ئەھمىدى: قەشقەر گېزىتىدە)

# ئۆرپ ـ ئادەتلەر قوۋۇغاسى

## ئەرول گۈنگۆر

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: يۈسۈپجان ياسىن

ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتلەردە تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈن ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرقلەردىن بىرى ئۆرپ — ئادەتلەردىكى ئۆزگىرىشتۇر. ھازىر ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار «زامان» دىن شىكايەت قىلغاندا، ھەممىدىن بەكرەك ئۆرپ — ئادەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دەۋرىدىن كېيىن ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن سۆز ئاچىدۇ، يەنى بۇرۇندىن تارتىپ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئائىلىنىڭ رەئىسى بولغان ئەر باشقۇراتتى، كىچىكلەر چوڭلارغا ئورۇن بېرەتتى، ئاياللار تاۋۇتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ قەبرىستانلىققىچە بارمايتتى، ئائىلىنىڭ رازىلىقىسىز توي بولمايتتى، ئائىلىدىكى ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن ئۆلگىچە باللىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى خەۋەر ئالاتتى، ھېيت پەيتلىرىدە مېھمانلارغا ئىچىملىك سۇنۇلمايتتى، دېگەندەك. يېڭى ئەۋلادلار يا بۇ ئۆرپ — ئادەتلەرنى رەت قىلىدۇ يا ئۇنى زادىلا بىلمەيدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ھەم ئەۋلادلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەم يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ئۇيۇشىشى — ماسلىشىشى جەھەتتىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلماقتا. بىز زامانىۋىيلىشىش دەپ ئاتىغان ھادىسە ئۆرپ — ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ناھايىتى تېزلەتكەنلىكى ئۈچۈن، يېڭى تۈركىيىنىڭ ئۆتمۈشتىن مىراس قالغان بۇ ئېتىقاد ۋە تەدبىقلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى ئۈستىدە توختىلىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆرپ — ئادەت مەسىلىسىنى سوتسىيالوگىيىلىك نۇقتىدىن قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنىڭ پايدىسى بار.

ئاددىي بىر قانچە تەرىپ بىلەن سۆزىمىزنى باشلايمىز. ئۆرپ — ئادەتلەر ئىنسانلار جەمئىيىتىنى رەتكە سالغۇچى قائىدىلەر سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىز بۇ رەتكە سالغۇچى قائىدىلەرنى ئومۇمىي بىر ئىسىم بىلەن «نورما» (ئۆلچەم ياكى پرىنسىپ) دەپ ئاتايمىز. بىر ئىجتىمائىي نورما بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ نېمىنى قايسى ۋاقىتتا، قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر قائىدىدۇر. ھەممىمىزنىڭ ھاياتى ئەتتىگەندىن كەچكە قەدەر تامامەن مۇشۇ نورمىلارغا ئۇيغۇن ھەرىكەتلەر بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇيقىدىن ئويغىنىپ ئورنىمىزدىن تۇرغاندا يۈز ـ كۆزىمىزنى يۇيىشىمىز، چېچىمىزنى تارىشىمىز، تاماق يېگەندە مەلۇم نەرسىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز (تاماقنى تۆكمەسلىك، گەپ قىلماسلىق، دەسسىمەسلىك، مېھماندىن بۇرۇن يەپ بولماسلىق قاتارلىقلار) نىڭ ھەممىسى نورمىلارغا ئۇيغۇن ھەرىكەتلەردۇر. نېمە ئۈچۈن بۇ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىمىز؟ ھەربىر كۇلتۇر (مەدەنىيەت) ئۆز جەمئىيىتىنى بىرلىك ۋە بارەۋەرلىك ھالىتىدە ساقلاش ئۈچۈن ئىنسان ھەرىكەتلىرىنى رەتكە سېلىشقا مەجبۇردۇر. شۇنداق بولغاچقا نورمىلار بىز ئۈچۈن

بىر خىل ھەرىكەت يېتەكچىسىگە ئايلىنىدۇ، بىز ھەر قېتىمدا بىر ھەرىكەت شەكلىنى ئىجاد قىلىشنىڭ ئورنىغا، كۆپىنچە قوبۇل قىلىنغان تەييار قائىدىلەرنى قوللىنىمىز (تىل بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر). ئۆرپ — ئادەتلەر دەل مۇشۇ تۈردىكى ئىجتىمائىي قائىدىلەردۇر. ئادەت كۈندىلىك ھاياتىمىزدىكى ھەرىكەتلىرىمىزگە سىڭدۈرۈلگەن ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن مۇۋاپىق دەپ قارالغان شەكىللەرنىڭ تەدبىقلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن، رەسمىي يىغىلىشلارغا بىر قۇر جابدۇنۇپ بېرىش، ئەتىگەنلىرى يەڭگىل ئوزۇقلىنىش، تاماق سورۇندا پىچاقنى ئوڭ قولدا تۇتۇش قاتارلىقلار. ئۆرپ بولسا مۇتلەق رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان ئىدىئال نورمىلاردۇر. مەسىلەن، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك، يېقىن تۇغقانلار بىلەن توي قىلماسلىق، ئىپپەت - نومۇسقا چېقىلماسلىق، ھاجەتمەن ئاتا — ئانىلارنى بېقىش قاتارلىقلار. ئادەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىنغاندا، بۇنى قىلغان كىشى شاڭخو قىلىنىدۇ، كەمسىتىلىدۇ، يىرگىنچلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆرپنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى بولسا تېخىمۇ ئېغىر قارشىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ. ئۆرپ ئومۇمەن شۇ جەمئىيەتتىكى ھوقۇق سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى ئۆرپنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى قانۇننىڭ دەپسەندە قىلىنىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ۋە جەمئىيەتتىكى تەشكىلات كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قانۇنلارنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ، كۆپ قىسمى ئۆرپتىن پەيدا قىلىنغان. ئۆرپكە دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىگۈچى كۈچى قوشۇلۇپ قانۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. بەزەن ھوقۇق سىستېمىسى، بولۇپمۇ ئىنقىلاپنى باشتىن ئۆتكۈزگەن دۆلەتلەردىكى ھوقۇق سىستېمىسى ئۆرپكە تايانمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئەھۋاللاردا قانۇننىڭ ماھىيىتىگە زىت كەلگەن ئۆرپلەر تەبىئىي ھالدا يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلمىگەنلىرى بولسا يەنىلا بىر ھوقۇق مەنبەسى سۈپىتىدە داۋام قىلىدۇ.

تۈركىيىدە ئۆرپ — ئادەتلەر ئىككى جەھەتتىن ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانماقتا. بىرى، تۈركىيە كەينى — كەينىدىن ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاپلارنى ئېلىپ بارغاچقا، ئىسلاھات قانۇنلىرى بىلەن ئۆرپ ئوتتۇرىسىدا بىرمۇنچە زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنە بىرى ۋە بەلكى تېخىمۇ مۇھىم بولغان نۇقتا بولسا تۈركىيىنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتلىك بىر ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈرەل (مەدەنىي) ئۆزگىرىش ئىچىدە بولىشى، بۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە ئۆرپ — ئادەتلەر يوقىلىش بىلەن بىرگە، پۈتۈن ئەنئەنىۋىي قىممەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆرپ — ئادەتلەرگە نىسبەتەنمۇ پايدىسىز پوزىتسىيىنىڭ زىيالىلار ئارىسىدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىدۇر. بۇ پوزىتسىيە پۈتۈنلەي بىزنىڭ دۆلىتىمىزگىلا خاس ئەمەس. زامانىۋىي سانائەت جەمئىيىتىنىڭ ئېلىپ كەلگەن تۇرمۇش شەكلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كېڭىيىش ئىقتىدارىنى نامايەن قىلغان راتسىئونالىست (ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇشنى تەكىتلىگۈچى — ت) تەجرىبىچىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئۆرپ — ئادەتلەرگە قارشى چىقىشقا زېمىن ھازىرلىغانلىقى كۆرۈلمەكتە. تۈركىيە تولۇق زامانىۋىي سانائەت جەمئىيىتىگە ئايلىنىش مەقسىتىدە ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشۋاتقاندا، ئۆرپ — ئادەتكە نىسبەتەن قارشىلىقنىڭ كۈچىيىشى مۇشۇ ئومۇمىي مەنزىرىنىڭ ئىچىدە خاس ۋە ناھايىتى مۇھىم بىر ھالەتنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە.

ئۆرپ — ئادەتلەرگە قىلىنغان قارشىلىقلار ئاساسلىقى ئۇنىڭ قەدىمىيلىكى، كۆپىنچە ئەقىلگە ئۇيغۇن بولماسلىقى ۋە ئىجتىمائىي بېسىم بىلەن قوبۇل قىلىنىشى قاتارلىق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشمەكتە. تۆۋەندە بۇ قەدىمىيلىك، ئەقىلگە ئۇيغۇن بولماسلىق ۋە ئىجتىمائىي بېسىم بىلەن قوبۇل قىلىش ئۇقۇملىرىنىڭ سوتسىيالوگىيىلىك ئېنىقلىمىسىنى كۆرسىتىپ

ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ھەقتە قىلىنغان قارشىلىقلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ قەدىمىيلىكى ئۇنىڭ ئاساسلىق قۇۋۋەت مەنبەلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئادىتىنىڭ ۋە ئۆلچىمىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن قالغان بولۇشى ياكى بىز ئۆزىمىزنى بىلگىدەك بولغان چاغلاردىمۇ ئاشۇنداق ئىكەنلىكى ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەپ سۈپىتىدە كۆرىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۆرپ ياكى ئادەت قانچىلىك قەدىمي، يەنى پەيدا بولغان ئورنى ۋە ۋاقتى قانچىلىك مەجھۇل بولسا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي كۈچىمۇ شۇنچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ. قەدىمىيلىك بىلەن كۈچكە ئىگە بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەتنى كۆپ كىشىلەر، بولۇپمۇ ئۆرپ — ئادەتلەرگە قارشى چىققانلار ياخشى بىلىدۇ. ئەمما، ناھايىتى نۇرغۇنلىرىمىز نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەن يەنە بىر مۇھىم نوقتا باركى، ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ قەدىمىيلىكى ئۇنىڭ قوغدىلىشىنى خېلىلا دەرىجىدە قىيىنلاشتۇرىدۇ، بۇ قىيىنچىلىقنى ئۇنىڭ كۈچتىن قالغانلىقىدىن شەكىللەنگەن دېيىشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. ناھايىتى قەدىمي ئادەتلەرنىڭ دەسلەپكى سەۋەبىنى ۋە پەيدا بولغان ئورنىنى بىلمەيمىز. ھەتتا ئۇلار ھاياتىمىزنىڭ شۇ قەدەر بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدىكى، ھېچكىم بۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى سوراپ بېقىشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ئېتىقادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى نۇرغۇنلىرىمۇ مۇشۇ شەكىلدە خاسلىقىمىزغا ئۇيغۇن ئۆلچەمدىكى ئىدراكلىق بىلىم تېمىسى بولۇشتىن ھالقىپ كېتىدۇ. كىشىلەر نېمە ئۈچۈن سالاملىشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن چوڭلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ؟ يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشى نېمە ئۈچۈن چەكلىنىدۇ؟ جىنسىي سەتچىلىكلەرگە نېمە ئۈچۈن قارشى تۇرىمىز؟ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەر (ۋەتەن) بىز ئۈچۈن نېمە سەۋەبتىن مۇقەددەس؟ نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟ بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش سۇئاللار ناھايىتى ئاز سورىلىدۇ. ھەتتا كىچىك ۋە بىكىك جەمئىيەتلەردىمۇ ھەرگىز سورالمايدۇ. كىشىلەر ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئېتىقاد ۋە تەدبىقلەرنى ئادەتتە ئۆز تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك كۈچلۈك تۇردە ھېمايە قىلىدۇ.

بۇ، بىر ئۆرپ ياكى ئادەت قانچىلىك دەرىجىدە تەبىئىتىمىزنىڭ بىر پارچىسىدەك كۆرۈلىدىغان ھالغا كەلگەن بولسا، ئۇ ھەقتىكى مۇنازىرە ۋە مۇزاكىرىمۇ شۇ قەدەر ئاز بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. باشقىچە بىر ئىپادە قىلغاندا، بىز بۇ تۈردىكى ئېتىقاد ۋە تەدبىقلىرىمىزنى كاللىمىزدا ھەرگىز توغرا ياكى خاتا دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايمىز. شۇ ۋەجىدىن بۇلار ھېس — تۇيغۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل ۋاستىسى بىلەن قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر ھۇجۇم ئالدىدا ھېچ قوغدىنىش تەييارلىقىغا ئىگە ئەمەستۇر. بىر كۈنىگە كەلگەندە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ بۇلارنى خاتا دەپ قارايدىغانلىقى ھېچ ئەقلىمىزگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەپتىن توغرا ئىكەنلىكىنىمۇ بەك ئويلاپ كەتمەيمىز. ئاغدۇرمىچى تەشۇىقات دەپ ئاتالغان ۋە بىۋاستە ھالدا ئىجتىمائىي قىممەتلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان تەشۇىقاتنىڭ «ئاغدۇرمىچىلىقى» مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشمەكتە. ئۆرپ — ئادەتلەر ھەققىدىكى بۇنداق راتسىئونال سۇئاللار سورالغان ياكى ئۇلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن بىر مەنە ئىپادە قىلمىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان زامان، ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئۆزىنى ئىنتايىن ئاجىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئېتىقاد قىلىدىغان نەرسىلەرنى قانداق قوغدايدۇ؟ ئۇنى مۇشۇنداق بىر تالاش — تارتىش ياكى تۇجۇپىلىك چۈشەنچە نەتىجىسىدە قوبۇل قىلغان بولسا ئىدى،

ئۇ چاغدا ھەر بىرىگە نېمە ئۈچۈن ئىشەنگەنلىكىنى ياكى تەدبىقلىغانلىقىنى ئەقلىي دەلىللەر
كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. لېكىن، بىز ئۆرپ — ئادەتلەرگە بۇ يول ئارقىلىق
ئېرىشمەيمىز. ھەقىقەتەن، ئۇلارغا ئېرىشىشنىڭ ئەسلى شەكلى ئىلگىرىكى ئەۋلادلاردىن
قوبۇل قىلىش يولىدۇر. شۇنداقتىمۇ ئۆرپ — ئادەتلەر رېفلېكسقا ئوخشاش ئاپتوماتىك
ئىنكاس ئەمەس، بەلكى شەخس ئۈچۈن دائىم بىر مەنە ئىپادە قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىلەردۇر،
بىز بۇ نۇقتىغا بىر ئازدىن كېيىن قايتىمىز.

ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇش ياكى بولماسلىق تېمىسىغا كەلسەك، ھەممىدىن ئاۋۋال ئەقلىي
ياكى ئەقىلچىل (ئەقىلچىل — راتسىئونال - ت) تەبىرىگە بېرىلىدىغان مەنە مۇھىمدۇر.
ئەجىبا ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقىنى سۆزلىگەنلەر ھەقىقەتەن ئەقىلگە
ئۇيغۇن ئويلىنىۋاتقانلارمىدۇ؟ ئەقىلنىڭ ئىنسان ھەرىكىتىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى نېمە؟
ئۆرپ — ئادەتلەر قايسى نۇقتىدا ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمىگەن بولىدۇ؟

تۈركىيىدە ناھايىتى كۆپ يازغۇچى ۋە زىيالىلار «راتسىئونال» دېيىلگەندە، بۇنىڭدىن
بەزىدە «كونكرېت»، بەزىدە «تەجرىبىگە تايانغان»، بەزىدە «ئوبيېكتىپ»، بەزىدە «پوزى-
تىۋ» (مۇسبەت) دېگەن مەنىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى
خاتا. ئەقىل تەبىرى پەلسەپىدە ئۇزۇن مەزگىللىك مۇنازىرىلەرنى پەيدا قىلغان ۋە تۈرلۈك
شەكىللەردە چۈشىنىلگەن. بۈگۈن زېھىن — ئەقىل پسىخولوگىيىسىدە بۇ تەبىر ناھايىتى
ئاز قوللىنىلىدۇ. لېكىن، «ئەقىل»، «ئەقلىي»، «ئەقىلچىل» قاتارلىق سۆزلۈكلەر كۈندى-
لىك ھاياتىمىزنىڭ لۇغەتچىسىدە ئوبدانلا ئورۇن ئىگىلىگەن ۋە مەلۇم مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان
نەرسىلەردۇر. بىز ئەقىلنى كۆپىنچە تۈيغۇنىڭ زىتى سۈپىتىدە قوللىنىمىز. ئىنسان بىر
مەسىلىدە ھاياجانغا بېرىلمەي، تۇيغۇلىرىغا ئەسىر بولماي، ئەتراپلىق ئويلىنىپ قارار چىقار-
سا، ئەقىلچىل ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ. ئەجىبا، ئەقىلچىل ھەرىكەتنىڭ ئېنىق ئۆلچەملىرى
تېپىلامدۇ؟ بىز قايسى ھەرىكەتنىڭ ھېسسىي، قايسىسىنىڭ ئەقىلچىل ئىكەنلىكىنى چۈشە-
نىش ئۈچۈن شۇ ئىككى نۇقتىغا قارايمىز. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، قىلىنغان ھەرىكەت مەنتىق-
لىق باغلىنىشقا ئۇيغۇن بولۇپ، تۇيغۇلارغا ئورۇن بەرمەسلىكى كېرەك. ئىككىنچىسى،
كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشكە يارايدىغان بولۇشى كېرەك. ئەمدى مۇشۇ ئىككى ئۆلچەم نۇقتىسى-
دىن ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرىمىز.

ھەرىكەتلىرىمىزنى تۇيغۇ ئېلېمېنتلىرىنى ئىپادە قىلمايدۇ، دېيىشنىڭ ھەرقانداق بىر
ئىلمىي مەنىسى يوقتۇر. بۇ، بىزنىڭ پەقەت كۈندىلىك ھاياتتا ئاچچىقلىنىش، غەزەپ،
كەسكىن پوزىتسىيە قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قويىشىمىز-
دەك ئېھتىماللىقلارغا قارشى تەدبىرلىك بولۇشىمىزنى بىلدۈرىدىغان ئەمەلىي بىر ئاگاھلاندۇ-
رۇشتىن ئىبارەتتۇر، يەنى ھېسسىي ھەرىكەت قىلما، مەنتىقىلىق (توغرا پىكىر قىلىدىغان
- ت) بول دېگەنلىكتۇر. ھەقىقەتەن، ھېسسىي بولۇش بىلەن مەنتىقىلىق بولۇش بىر بىرىگە
مۇتلەق زىت نەرسىلەر ئەمەس. بىر ئىنسان ھەم ناھايىتى ھېسسىياتلىق ھەم ناھايىتى
مەنتىقىلىق بولىدۇ. لېكىن، ئىشنىڭ بۇنىڭدىن تېخىمۇ مۇھىم تەرىپى دەل ئىنسان ھاياتىدا
تۇيغۇنىڭ ئوينىغان ئۇنۇملۇك رولىنىڭ چۈشىنىلىشىدۇر. بىز ھېسسىي بولۇشنى نامۇۋاپىق
بىر ھەرىكەت دەپ قارىغان چاغدا، ناھايىتى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئىنچىكە ھەرىكەتلەرنىڭ
تۇيغۇدىن قۇۋۋەت ئالغانلىقىنى، تۇيغۇ بولمىسا ئۇنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئادەتتە ئۇنتۇپ
قالىمىز. بىز مەنتىق دەپ ئاتىغان نەرسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى بولمايدۇ.

مەنتىق ھېچبىر ھەرىكەت نورمىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئاچچىقلىنىش، غەزەپ، ئىنتىقام قاتارلىقلار بىر خىل تۇيغۇ (ھاياجان) دۇر. ئەمما، سۆيگۈ، قورقۇش، پۇشايمان، ئېستېتىك ئىلھامغا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ تۇيغۇدۇر. پەقەت مەنتىقلىق بىر ئىنسان يارىتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، بۇ ئىنسان ئېلېكترونلۇق مېڭە (كومپيۇتېر) ماشىنىلىرىنىڭ بىر تۈرىگە ئايلانغان بولاتتى. ئېلېكترونلۇق مېڭە بىر خىل مەنتىق سىخېمىدىن ئىبارەت، بۇ سىخېمىغا سىرتتىن نېمىنى ئورۇنلاشتۇرسا، شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئېلېكترونلۇق مېڭە ھېچكىمدىن نەپرەتلەنمەيدۇ، ئەمما ھېچكىمنىمۇ سۆيمەيدۇ. ئۇ نە ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ھەۋىسىدە بولسۇن، نە ئۇتۇقلىرىدىن سۆيۈنسۇن ياكى ئوڭۇشسىزلىقلىرىدىن ئېچىنسۇن.

بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى تۇيغۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈش جەھەتتە پەقەت بىرلا مىسال كۇپايە قىلىدۇ، يەنى بىز ۋىجدان دەپ ئاتايدىغان ۋە بىزنىڭ ئەخلاقىي ھاياتىمىزنى ئىدارە قىلىدىغان مېخانىزم تۇيغۇ بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئەگەر بىزنى بىئارام قىلغان تۇيغۇمىز بولمىغان بولسا، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئالدىدىكى پوزىتسىيىمىز ئۆزگەرمىگەن بولاتتى، ئۇ چاغدا جېنىمىزنى قىيىنىغان ئىشنى (ئىمكان تېپىلغان دائىرىدە) قىلىۋېرەتتۇق.

راتسىئونال ھەرىكەت ھەققىدىكى ئىككىنچى ئۆلچەمگە كەلسەك، بىزنى نىشانغا يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتنىڭ راتسىئونال ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن بولسىمۇ، بۇ مەنىدە راتسىئونال بولغان ھەر نەرسىنىڭ ياخشى ۋە توغرا بولۇشى كېرەك ئەمەس. ئەگەر نىشانىمىز خوشىمىز يوق بىرەر كىشىنى يوقىتىش بولسا، ئۇزۇن ۋاقىت ئويلىنىپ مۇكەممەل بىر جىنايەت پىلانى تەييارلاپ تەدبىقلىيالايمىز. ھەم دۈشمىنىمىزنى ئۆلتۈرۈش ھەم جازادىن قۇتۇلۇش تامامەن راتسىئونال بىر ھەرىكەتتۇر. ھەر ھالدا بۇ خىلدىكى راتسىئوناللىقنى ئەقىلچىللىك تەرەپدارلىرىمۇ لايىق كۆرمەي، راتسىئونال ھەرىكەتنىڭ ياخشى تەرەپتىكى نىشان ئۈچۈن سۆز تېمىسى ئىكەنلىكىدىن گەپ ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇقتىدا «راتسىئونال» بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئۆرپ — ئادەتلەر ئالدىمىزغا چىقىپ، بىزگە ئۆزىنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ. بىزنى جىنايەتتىن توسقان، يەنى جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ «يامانلىق» ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدىغىنى پەقەت بىرلا ئۆرپتۇر. بۇ ئۆرپ راتسىئونال چۈشەنچىگە تايانغان بىر قانۇن شەكلىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتەلەيدۇ. ئەمما جىنايەتنى توسىدىغان ئۆرپ يوق بولسا، ھەربىر كىشىنىڭ ئارقىسىغا بىردىن ساقچى قويۇش زۆرۈر بولاتتى.

ئۆرپ — ئادەتلەر ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇشتەك ناھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر فونكسىيىگە ئىگىدۇر.

بىز ئۆزىمىزنى ھايۋانلاردىن ئۈستۈن كۆرىمىز، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. ئەمما، ھايۋانلارنىڭ ماسلىشىش — ئۇيغۇنلىشىش مېخانىزمى ئىنسانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك بىر شەكىلدە تۈزۈلگەن. ھايۋانلارنىڭ تۇغما، يەنى ئۆزگەرمەس ئىنسىياك (تۇغما ئىقتىدار — ت) بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا مۇقابىل ئىنساننىڭ ماسلىشىش خۇسۇسىدا ناھايىتى زور ئېلاستىكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بۇ ئېلاستىكلىك بىزنى ئۈستۈنلۈك بىلەن تەمىن ئەتكىنىدەك، بىر مۇنچە بالا — قازالارغا ئۇچرىشىمىزنىڭمۇ ئاساسىدۇر. ھېچقانداق بىر ھايۋان توپىدا پۈتكۈل ماسلىشىش تەرتىۋىنى قالايمىقان قىلىۋەتكىدەك بىر نوپۇس (سان) كۆپىيىشىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ھايۋانلار ئۆز سانى بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى تۇغۇتنى كونترول قىلىدىغان تابلېتكا دورا قاتارلىقلارغا مۇھتاج بولمايلا قوغدىيالايدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئۆز نەسلىنى يوق قىلىۋېتەلەيدىغان يادرو قوراللىرىنى

ئىجاد قىلغانلىقىمۇ كۆرۈلمىدى. ئىنسانلار ئادەتتە ئۇستۇنلىكىنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدىغاندەك، ئۆزىنى قوغدايدىغان ناھايىتى كۆپ تەبىئىي مېخانىزملاردىن مەھرۇم بولماقتا. بىز تېخى تۇغۇلغاندىن ئېتىبارەن ئۇزۇن مەزگىل بېقىلىپ چوڭ قىلىنىشقا مۇھتاج ئەھۋالدىمىز. باشقىلارنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىغا مۇھتاج بولۇش ئىجتىمائىي بىر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە موھتاج بولۇش، دېگەنلىكتۇر. ئىنساننىڭ ئەسلىي ئالاھىدىلىكىمۇ دەل مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ، يەنى تۇغما ھالدا بولمىغان نەرسىلەرنى كېيىنچە ياشىغان جەمئىيەتتىكى ھايات ئىچىدىن تېپىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر. ھايۋانلارنىڭ ئۆلچەملىك ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىرەر مېخانىزم ھالىتىدە تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆلچەملىك ھەرىكەتلىرى بولسا جەمئىيەت ئۇلارغا بەرگەن نورمىلار، يەنى ئۆرپ — ئادەتلەر، ئېتىقادلار، قىممەت ئۆلچەملىرى ۋە مەيدان ـ مەۋقەلەردۇر.

مۇشۇ سۆزلىگەنلىرىمىزدىن مەنتىقلىق ھالدا چىقىرىلىدىغان نەتىجە شۇكى، يەنى ئىنسىنىياك (تۇغما ئىقتىدار) قانداق ماسلاشتۇرغۇچى بىر فونكسىيىگە ئىگە بولسا، ئۆرپ — ئادەتلەرمۇ ئەينى شەكىلدە ئىنسانلارنىڭ ماسلىشىشىنى باغلاپ تۇرۇشتەك بىر فونكسىيىگە ئىگە. ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تەشكىل قىلىپ ياشىشىغا يارىغۇدەك مەقسەتتە ئوتتۇرىغا چىققان بىر خىل «ئىجتىمائىي ئىجادىيەت» ئىكەنلىكى ھەققەتتۇر. بىزنىڭ بىلەلمىگەن نەرسىمىز قايسى ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ قەتئىيللىك بىلەن قانداق فونكسىيىنى ئىپادىلىشىدۇر، بۇ تۇردىكى بىر بىلىمگە بەزى ئۆرپ — ئادەتلەر جەھەتتە ئىگە بولساقمۇ، ئەمما بەزىلىرىدە بۇنى بىلمەيمىز. بەزىلىرىنىڭ نېمىگە يارايدىغانلىقى ئېنىق ھالدا مەلۇم بولۇپ تۇرسىمۇ، بۇلارنىڭ دەسلەپتە ھەقىقەتەن ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكى ھەققىدە قەتئىيلىك بىلەن بىر نېمە دېيەلمەيمىز. مەسىلەن، يېقىن تۇغقانلار بىلەن توي قىلىشنىڭ نېمە ئۈچۈن چەكلىنىدىغانلىقىنى ياكى چەكلىنىشى كېرەكلىكىنى بۈگۈن ئوبدان بىلىمىز. ئەمما نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنمۇ بۇ ئۆرپنى تەدبىقلىغان ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتەن بۇ خىل توي قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان بىئولوگىيىلىك ۋە ئاناتومىيىلىك قۇسۇرلار (كېسەللەر) نى بىلگەن ياكى بىلمىگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. بەلكى، بۇ بىلىم ـ مەلۇماتنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بەزى كىشىلەر ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ بۈگۈن ئېنىق ئىسپاتلانغان پايدىلىق بىر فونكسىيىسى بىكىتىلمىگەن ئەھۋالدا بۇلاردىن ۋاز كېچىشنىڭ لازىملىقىنى سۆزلەپ، بۈگۈن ئۈچۈن بىر فونكسىيىسى كۆرۈلمىگەن ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ جەمئىيەتنى ئارقىدا قالدۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا.

بۇ يەردە ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى مەسىلىسىگە يۆتكىلىمىز. ئەگەر بۇلار جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بىر ۋاستە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئېھتىياجنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ياكى جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بىلەن بىرلىكتە بىر مۇنچە ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ كۈتۈلىدۇ. بىراق بۇ ئۆزگىرىش ئومۇمىيلىق جەھەتتىن بىز كۇلتۇر (مەدەنىيەت) ئۆزگىرىشى دەپ ئاتىغان ھادىسىنىڭ بىر پارچىسىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە ھەل قىلىنىشى بەكلا قىيىن بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ھەل قىلىشتىكى قىيىنچىلىق شۇكى، ئۆرپ — ئادەتلەر تېمىسىدا بىر بىرىنى زادىلا قوللىمايدىغان، يەنە كېلىپ ھېچقانداق بىر ئىجتىمائىي قىممىتى بولمىغان پىكىرلەر ئەڭ ئاددىيسى جىددىي ۋە توغرا پىكىردەك تەرەپدارلارغا ئىرىشمەكتە.

ئۆرپ — ئادەتلەر ئۆزگىرىشى كۈنىمىزدە پەقەت تۈركىيىنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەنە

پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. ناھايىتى ئاددىي بىر ئىپادە بىلەن سۆزلىسەك، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا تېخنىلوگىيىلىك تەرەققىيات بىلەن پاراللېل ھالدا ۋە ئوخشاش تېزلىكتە بىر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئۇتۇقلۇق ھالدا ئورۇندىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ بىر كرىزىس ئىچىدە تۇرماقتا. دۇنيانىڭ ماددىي قىياپىتى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ۋە چوڭ دائىرىدە ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئەمما بىزنىڭ مەنىۋى قىممەتلىرىمىز يا بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتىدۇ ياكى تېخنىلوگىيىلىك تەرەققىيات بىر مۇنچە سۈنئىي، ساختا قىممەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلاۋاتىدۇ. بىز ھازىر بۇ كەڭ كۆلەملىك ھادىسە ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزمەيمىز، پەقەت شۇنچىلىك نەرسىنى سۆزلەپ قويۇشىمىز كېرەككى، ئۆرپ — ئادەتلەرمۇ يېڭى ھاياتقا ماسلىشىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇ ماسلىشىشنى تېخى ئۇتۇقلۇق بولدى، دېگىلى بولمايدۇ. ئۆتكەن زامانلاردا ئۆرپ — ئادەتلەر بۈگۈنكىدەك شىددەتلىك بىر ئىمتىھانغا دۇچ كەلگەن ئەمەس. بىلىنگىنىدەك، ھايۋانلاردىكى ئاساسلىق ماسلىشىش مېخانىزمى بولغان ئىنسىياك — تۇغما ئىقتىدار نەچچە مىڭ يىل داۋاملىشىدىغان تاكامۇللىشىش دەۋرلىرى ئىچىدە ئاستا - ئاستا ئۆزگەرمەكتە. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىمۇ يېقىنقى زامانغا قەدەر تېخنىلوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ سۈرئىتى جەمئىيەتنىڭ زور داۋالغۇشلارنى باشتىن ئۆتكۈزمەي يېڭى شارائىتلارغا ئۇيغۇنلىشىشىغا ئىمكان بەرگۈدەك دەرىجىدە ئاستا ماڭغان ئىدى. لېكىن، 19 - ئەسىردىن بېرى ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە باش قايدۇرىدىغان بىر ئۆزگىرىش بولماقتا. بۇ ئۆزگىرىش ھەم ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ قىممەت ۋە ئېتىبارىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەپ بولىۋاتىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرىنى قويۇشقا ئىمكان بەرمەيۋاتىدۇ. يېڭى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئۆرپ — ئادەتلەر جەھەتتە ئوتتۇرىغا چىقارغان مەنزىرىسىنى ئاساسلىق بەلگىلىرى بىلەن خۇلاسىلايدىغان بولساق ئەھۋال مۇنداق:

1 - زامانىۋىي جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمى چوڭ شەھەرلەردە ياشاشقا باشلىدى. بۇ ھايات ئىنسانلارنى چەك - چېگراسى ئىنتايىن ئېنىق شەكىلدە مەلۇم بولغان بۇرۇنقى ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيىلىك ساھەلەردىن ھالقىتىپ، ئۇلارنى مەۋھۇملاشتۇرماقتا. بۇ بولسا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئۆرپ — ئادەتلىرىنىڭ كونترول دائىرىسىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىشى، دېگەن مەنىدە كەلمەكتە.

2 - چوڭ شەھەر ھاياتىدا كۈلتۈر - مەدەنىيەتنىڭ زەرەتلىنىشىگە ئۇچراش كۆچىيىپ بارماقتا. يەنى بىر كىشىنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقى بىر خىل تەرتىپتىكى ھاياتنىڭ ئورنىغا، مەسلەك، سەنئەت، ئېتىقاد، دوستلۇق گۇرۇھلىرى، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە ئوخشاش مەسىلىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆرپ — ئادەتلەر تېمىسىدىمۇ تۈرلۈك تەسىرلەرنى بېرىدىغان بىر تۇرمۇش بار، بۇ، ئۆرپ — ئادەتلەرنى بارا - بارا تېخىمۇ نىسپىي ۋە قوشۇمچە بىر ئۆلچەمگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى مۇتلەق كۈچىنى زور دەرىجىدە زەئىپلەشتۈرمەكتە.

3 - زامانىۋىي ھايات ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ ئۆگىنىلىشىنى ۋە ئۆگىتىلىشىنى ئادەتتە ئىمكانسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويماقتا. ئۆرپ — ئادەتلەر ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىنى رەتكە سالىدىغان ۋە ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋەتلەردە «تەدبىق» قىلىنىدىغان قائىدىلەردۇر. بۇلار داۋاملاشتۇرۇلۇپ، تەدبىق قىلىنىپ ئۆگىنىلىدۇ. ھالبۇكى، زامانىۋىي شەھەر ھاياتىدا ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىش مەنبەلىرىمۇ بارغانسېرى مەۋھۇملاشماقتا، يەنى شەخستىن شەخسكە

ئۆتىدىغان بىر ھەرىكەت بولۇشتىن ھالقىپ كەتمەكتە. بۈگۈن ئىجتىمائىي تەربىيەدە ئۇستاز-شاگىرت، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى قالمىدى. بىز ئۆگەنگەنلىرىمىزنىڭ زور كۆپچىلىكىنى كىتابلاردىن، گېزىتلەردىن ياكى رادىئو، تېلېۋىزور قاتارلىق ۋاسىتىلاردىن ئېلىۋاتىمىز. بەزىدە بىۋاستە ھالدا شەخسلەردىن بىر نەرسە ئۆگەنگەن چېغىمىزدىمۇ، بۇ شەخسلەر بىز بىلەن ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىلەردىن بولماستىن، بەلكى چوڭ بىر توپقا نۇتۇق سۆزلەيدىغان بىرەر كونفېرانسچى سالاھىيىتىدىكى كىشىلەردۇر. كۈنىمىزدىكى ئائىلە ھاياتىمۇ يەنە ئۆرپ — ئادەتلەر تەربىيىسى بىرىشكە ئاجىز كەلمەكتە.

4 - زامانىۋىيلىشىشنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىمۇ ئىلىمگە بېرىلگەن ئېتىبارنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن بىرگە ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ كىچىك بىر ئالىملار تۈركۈمىدىن سىرت، يەنە زور كۆپچىلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدىغان زېھنىيەت ھالىتىگە كىلىشىدۇر. كۆپچىلىكنىڭ ئىلىم چۈشەنچىسى ئىلىم ئادەملىرى (ئالىملار) نىڭ چۈشەنچىدىن ناھايىتى يىراق، ھەتتا كۆپىنچە ئۇنىڭغا قارشى بولۇش بىلەن بىرلىكتە، ھازىر ھەر كىشىنىڭ ھامان بىر مەسىلىنى ئىلىمگە ئۇيغۇن بولۇش ياكى بولماسلىق نۇقتىسىدىن تالاش - تارتىش قىلىۋاتقانلىقى نەزىرىمىزدىن خالىي ئەمەس. بۇ ئارىدا 19 - ئەسىردە مودىغا ئايلانغان ماتېرىيالىستىك ئىلىم چۈشەنچىسىنىڭ ھازىرقى چاغدا ئاۋامغا خاس بىر ماتېرىيالىزم (ۋۇلگارىزم) ياكى تەجرىبىچىلىك (پوزىتىۋىزم) ھالىتىدە ئومۇملاشقانلىقى كۆرۈلمەكتە. يېڭى ئەۋلادلار ئىجتىمائىي ھاياتنى ئىدارە قىلىدىغان كۈچلەرنىڭ مۇنازىرىگە ئارتۇقچە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىنى كۆرگەندە، دەرھال ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈۋاتىدۇ. دىن ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر قاتارلىق پۈتكۈل ئەنئەنىۋىي ئېلېمېنتلار ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقلىچە ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كۆرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھۇجۇم تىمىسىغا ئايلىنىپ قالماقتا. تەجرىبىۋىي ھەقىقەتنى تېپىلمىغان ھەر قانداق نەرسە خۇراپىي ياكى قۇرۇق ئېتىقاد ھېسابلانماقتا.

بۇ چۈشەنچە ئىلىمنىڭ بۈيۈك بىر باياشاتلىق ۋە سائادەتكە يول ئېچىپ بېرەلەيدىغىنىدەك، يەنە زور ئاپەتلەر ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. بۈگۈن ئىجتىمائىي قىممەتلەرنى ئاشۇ تەجرىبىۋىي پايدىلىرىغا قاراپ ئۆلچەيدىغان ئىلىم ئادەملىرى ئاساسەن قالمىدى. ئەمما، ئىلىمنىڭ چوڭ تەسىر قوزغىغۇچى ماھىيىتىگە بېرىلىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىستىكىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار ئىلمىي مەلۇماتنىڭ ئەخلاقىي نورمىلارنى بەرمەيدىغانلىقىنى ۋە بېرەلمەيدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىيالمايۋاتىدۇ. ئىلمىي مەلۇماتلار بىر مۇنچە ئەنئەنىۋىي ئېتىقادنىڭ ۋە تەدبىقلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالايدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئورنىغا ئاشۇ رولنى ئوينايدىغان يېڭىلىرىنى تۈزۈپ بېرەلىگەنلىكى كۆرۈلمىدى.

شۇ ئەھۋالدا ئۆرپ — ئادەتلەر ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىستىكىدىكىلەرنىڭ ئىلىمنى قوللىنىشقا ئۇرۇنۇشى جەمئىيەتتە پەقەت بۇزۇشقا سەۋەب بولىدۇ، ھەرگىزمۇ قۇرۇش چارىسىنى يارىتالمايدۇ. ھايۋانلار دۇنياسىدا ماسلاشماسلىقلار تەبىئىي زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن يوقىتىلىدۇ. ئىنسانلار بولسا ئاشۇ خىل ھالەتنى ئەقلى ئارقىلىق قىلىشقا تىرىشقان چاغدا، ناھايىتى چوڭ خاتالىققا پېتىپ قالىدۇ. ئۆرپ — ئادەتلەر دەسلەپتە ئەقىل ۋاسىتىسى بىلەن پىلانلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىدى، يەنە ئەقىل ۋاسىتىسى بىلەن ۋە پىلانلىق

ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مۇمكىن بولاتتى. ھالبۇكى، بۇلار بىزنىڭ شەخسىي ئىرادىمىز-
نىڭ ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئەسىرىدۇر. يەنى ھېچقانداق بىر كىشى مەلۇم بىر پىلانغا
ئاساسەن ئولتۇرۇپ بىر خىل ئۆرپنى ياكى ئادەتنى يارىتىپ باققان ئەمەس. ئۇ ھالدا بىر
كىشى ئۆز ئەسىرى بولمىغان بىر نەرسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق يارىتىلغانلىقىنى ئەلۋەتتە
تولۇق بىلمەيدۇ (دۇنيا نېمە ئۈچۈن يارىتىلدى، دەپمۇ سورىمايمىز، چۈنكى بۇ سوئال ئىلمىي
ئەمەس). بىز ئەسلىنى - يىلتىزىنى بىلمەيدىغان نەرسىلەر پەقەت ئۆرپ — ئادەتلا ئەمەس.
يەنە بىرمۇنچە ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرنىڭمۇ يىلتىزىنى بىلمەيمىز. بۇ تۇردىكى بىلمىنىڭ
يېتەرسىزلىكى ئۇلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە سەۋەپ بولالمايدۇ. مەسى-
لەن، نوپۇس كۆپ شەھەرلەردە قاتناش ۋە باشقا قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن بايرام زىيارەتلىرى-
نى زۆرۈرىيەتسىز دەپ چۈشىنىپ، بۇ زىيارەتلەرنى بىكار قىلساق، ھەقىقەتەن قاتناش
قىيىنچىلىقىدىن ۋە مېھمان كۈتۈش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالىمىز. ئەمما، بايرام زىيارى-
تىنىڭ جەمئىيەتتىكى فۇنكسىيىسى - رولىنى تەبرىك كارتىسى ئەۋەتىش بىلەن ئورۇندىدۇق،
دېيەلەمدۇق؟ بۇ زىيارەتنىڭ پۈتۈن فۇنكسىيىلىرىنىڭ جەمئىيەتنىڭ يەنە باشقا فۇنكسىيىلىرى
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلەمدۇق؟ بۇلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە بىلمىسەك بايرام زىيارى-
تىنى بىكار قىلىش بىلەن يەنە نېمىلەرنى بىكار قىلىۋەتكەنلىكىمىزنى قانداق بىلىمىز؟

بۇ دېگەنلىرىمىزگە قاراپ بىزنى ئۆرپ — ئادەتلەرنى مۇتلەق شەكىلدە مۇھاپىزەت قىلىش
پىكرىدە ئىكەن، دەپ چۈشىنىۋالماسلىق كېرەك. ئاڭسىز بىر بۇزغۇنچىلىقتەك قارىغۇلارچە
بىر يولغا كىرىپ قېلىشمۇ بىزگە زىيان كەلتۈرىدۇ. ئەسلىدە چۈشەندۈرمەكچى بولغان
نەرسىمىز بۇلارنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى ئەمەس، بەلكى ئۆزگىرىشنىڭ نېمىلەرگە باغلىق ئىكەنە-
لىكىدۇر. بۇ يەردە ئۆزگىرىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشتىن بەكرەك ئۆزگىرىشنىڭ پەيدا
قىلىدىغان ناچار ئاقىۋەتلىرى ئۈستىدە شۇ سەۋەبتىن توختىلىمىزكى، ئىجتىمائىي نورمىلارغا
ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىگە قىلىنىدىغان مۇداخىلە زىيانلىق نەتىجىلەرنى پەيدا قىلغان تەقدىردە،
بۇنىڭدىن قايتىش ئىمكانىيىتى قالمايدۇ. تەكرار ھالدا ئىش باشلىغان نۇقتىغا قايتىپ كېلەل-
مەيسىز. كۈلتۈردە ئۆزۈكلۈك پەيدا قىلىش ئىنسان ھاياتىدا ئۆزۈكلۈك پەيدا قىلىشقا ئوخشاي-
دۇ. تەجرىبە بولسۇن دەپ بىر كىشىنى ئۆلتۈرەلمەيسىز، بۇ ئورۇنۇشنىڭ ئاقىۋىتىمۇ
ئاپئاشكارا ۋە قايتىشى يوقتۇر. كۈلتۈر ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغانلار كۈلتۈرنىڭ نە
قەدەر مۇرەككەپ ۋە شاخلىق — پۇتاقلىق بىر قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار بۇ
قۇرۇلۇشتىن سەل چاغلاپ قومۇرۇۋېتىلىدىغان بىر تاشنىڭ ئەڭ ئويلىمىغان بىر يەردە قانداق
ۋەيرانچىلىقلارنى پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئائىت ناھايىتى نۇرغۇن ئىبرەتلىك مىساللارنى بىلىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ مەسىلىلىرىدىن بىرى، بۇ خىلدىكى كۈلتۈر ئۆزۈكلۈكە-
نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى توسۇپ قېلىشتۇر. شۈبھىسىزكى، دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە يېقىنى-
دىن چۈشكەن رادىكال تەدبىرلەر بىلەن ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى سۆز
تېمىسى ئەمەس. ئەمما، دېموكراتىيە بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتلەردىمۇ زامانىۋىي
تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ بېسىمى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئۆزۈكلۈكلەر ئۇچرىماقتا. بۇ دۆلەتلەردە
ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ يېڭى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلىشى ۋە ئۇنىڭ قوبۇل قىلدۇرۇلىشى كۈندىن
كۈنگە قىيىنلاشماقتا. بۇ قىيىنچىلىقنىڭ سەۋەپلىرىنى يۇقىرىدا چۈشەندۈردۇق. بۈگۈنكى

ئەۋلادلار ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ قائىدىلىرىنى ھېسسىي ئالاقە ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىدىغان شەخسلەردىن ( ئاتا - ئانا، مۇئەللىم قاتارلىقلار ) بەكرەك كىتاب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غەيرىي شەخسىي مەنبەلەردىن ياكى شەخسەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ باقمىغان كىشىلەردىن ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىگە بىر خىل بىلىم ياكى بۇيرۇق سۈپىتىدە سۇنۇلغان نەرسىلەرنى ئەقىل ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن باھالاۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا بۇرۇنقىلار بۈيۈك ھۆرمەت بىلەن باغلانغان نۇرغۇن ئۆرپ — ئادەتلەر ئۇلار ئۈچۈن مەنىسىز بىر قائىدە، ھەتتا چەكلەپ تۇرىدىغان تۇساقلاردىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنىڭ بىر قىسمى ھەقىقەتەن ھەقلىق ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى جەمئىيەتنىڭ بەزىدە ھېچبىر قىممىتى بولمىغان بىر مۇنچە ئىجتىمائىي نورمىلارنى مۇئەسسەسەلەشتۇرگەنلىكى، ئۇلارنى بىر خىل قۇرۇق ئېتىقاد ھالىتىدە داۋاملاشتۇرغانلىقى پات - پات كۆرۈلگەن ھادىسىلەردۇر. لېكىن، بۇنىڭغا بۇيرۇق ۋە قوماندانلىق قىلىش شەكلى ۋە چەكلەش ۋاسىتىسى بىلەن قارشى چىقىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، ياش كىشىلەرگە چۈشەندۇرۇشنىڭ نەقەدەر تەس ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بەزىدە ئېنىقلا مەنىسىز كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە پايدىلىق بىر سىمۋوللۇق فونكسىيە ئىپادە قىلىشىنى بولسا ياشلىق چاغلىرىدىن ئاللىقاچان خوشلاشقان كىشىلەرگىمۇ چۈشەندۇرگىلى بولمايدۇ.

ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھېسسىي ئاستىدا قوبۇل قىلىنغان بولۇشىمۇ بۇنىڭغا قارىتا گۇمانلىق نەزەر بىلەن قاراشتىكى مۇھىم بىر ئامىل بولماقتا. ھەممىمىز بىلىمىزكى، بىز تۇغۇلغان چاغدا جەمئىيەت ئېنىقمۇ بۇرۇن شەكىللەنگەن ناھايىتى كۆپ ئۆرپ — ئادەتلەرگە ئىگە ئىدى. بىز ئالدىراپلا بۇنىڭغا «ئۆلچەم» نەزىرى بىلەن قاراشنى ئۆيلىماسلىقىمىز كېرەك. شۇ سەۋەپلىك بەزى كىشىلەر ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى «قارىغۇلارچە بىرخىل ئېتىقاد» دەپ قاراپ، ھەر كىم ئاشۇنداق ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن بىزمۇ ئېتىقاد قىلىمىز، دەيدۇ.

باشقىلارنىڭ ئىشىنىشى بىزنىڭ ئىشىنىشىمىز ئۈچۈن ناھايىتى كۈچلۈك بىر سەۋەپتۇر. لېكىن، بىر نەرسىنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئورتاق قوبۇل قىلىشىمىز ئۇنىڭ سەپسەتە ياكى ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بىزنىڭ پەقەت ئېتىقادلىرىمىزلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىلىملىرىمىزنىڭمۇ ناھايىتى نۇرغۇنلىرى بۇ تۇرگە كىرىدۇ. ھەر كىشى دۇنيانىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، بىزمۇ ئىشىنىمىز، ھەر كىشى ئىنسانلارنىڭ ئايغا چىققانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر كىشى سۇلايمانىيە جامەئەسىنى سىناننىڭ سالدۇرغانلىقىنى تىلغا ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن بىزمۇ شۇنداق دەپ بىلىمىز. ئېيتىشقا بولىدۇكى، دۇنيانىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىگە دائىر ئىشەنچىنىڭ ھەر كىم تەرىپىدىن مۇۋاپىق دەپ قارىلىدىغان دەلىللىرى بار، ئىسپاتلاش ئىمكانىيەتلىرى بار، يەنى ئىنسانلار بۇنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىنسانلارنى قانداقمۇ ئۆرپ — ئادەتلەرنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلغان، دېگىلى بولسۇن؟ ئەجىبا، ئىنسانلار ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ تەدبىقلىغاندا، ئۇنىڭدىن ئۆز تۇنۇشى بويىچە ھېچبىر مەنتىقىي تەرەپ، ھېچبىر فونكسىيىلىك قىممەت قاتارلىقلارنى كۆرمىگەنمىدۇ؟

بۇ مەسىلىنىڭ مۇنازىرىسى پسىخولوگلار ئۈچۈن ھەرگىزمۇ يات بىر تېما ئەمەس. پسىخولوگىيىدە بۈگۈن بۇرۇنقى ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ياكى ھېچبولمىغاندا ئۆزىنى زور

دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن بىر «ھەرىكەتچى پسىخولوگىيە» ئېقىمى بار. بۇ ئېقىمنىڭ قۇرغۇچىلى-
رى ۋە تەرەپدارلىرى ھايۋان ھەرىكىتى بىلەن ئىنسان ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل
ئىزچىللىقنى كۆرۈپ يېتىش بىلەن بىرگە، بۇ ئىككى تۈرنىڭ ھەرىكەتلىرىنىمۇ «جازا ۋە
مۇكاپاتلاش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش» قا تايانغان بىر ئۆگىنىش ھادىسىسى ھالىتىدە كۆرى-
دۇ. ئاددىيلا سۆزلىسەك، بىر ھەرىكەتنى قىلغان چېغىمىزدا بۇنىڭ نەتىجىسىدىن بىزگە
خۇشلۇق ئاتا قىلىدىغان بىر ئەھۋال ھاسىل بولسا، ئۇ ھەرىكەتنى تەكرار قىلىشىمىزنىڭ
ئېھتىمالى ئاشىدۇ. ئاشۇ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىدىن جازالىنىشىمىز (ھەر قانداق بىر شەكىلدە
ئېچىنىش ياكى ئەلەم ھېس قىلىشىمىز، زىيان سېلىشىمىز) بولسا بۇنىڭ تەكرارلىق ئېھتىما-
لىنى ئازايتىدۇ ياكى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىدۇ. كۆيۈۋاتقان مەشكە قولىنى يېقىن
ئەكىلىپ تەككۈزگەن بالىنىڭ قولى كۆيسە، يەنە بىر قېتىم ئاشۇ ئىشنى قىلىش ئېھتىمالى
ئازىيىدۇ. بەلكىم بىر قانچە قېتىم ئاشۇ ئەھۋال بېشىغا كەلسە ئاندىن ئوتتىن قېچىشنى
ئۆگىنىدۇ. دەرسلىرىدىن يۇقىرى نومۇر ئالغان بىر ئوقۇغۇچى مۇشۇ سەۋەبلىك مەيلى
مۇئەللىملىرىدىن بولسۇن، ياكى ئاتا - ئانىسىدىن بولسۇن، مۇكاپاتقا ئېرىشىش تىرىشچانلى-
قىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئادەتلەنگەنلىرىمىز مۇشۇ شەكىلدە تەرەققىي قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ
ئادەتلەنگەن نەرسىلەر جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغانلىقى چۈشۈنىلگەن چاغدا پۈتۈن
جەمئىيەتكە مال قىلىنىدۇ، يەنى ئۆرپ — ئادەت شەكلىنى ئالىدۇ.

بۇ خىل ئۆرپ — ئادەت نەزىرىيىسىنىڭ تىپىك ئۆرنىكى ۋ. گراخام. سۇمنېرنىڭ
«خەلقنىڭ ياشاش ئۇسۇلى» (1940 - يىلى) دېگەن ئەسىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەردۇر.
سۇمنېر ئۆرپ — ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي مەقسەتنىڭ ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى
تىلغا ئالىدۇ. ئىنسان ئېھتىياجلىرىنى قامداش مەقسىتىدە تۈرلۈك ئۇسۇل — چارىلەرنى سىناق
قىلىپ، بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئېھتىياجنى قامداشقا تېخىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ،
ئۇلارنى مۇئەسسەسەلەشتۈرىدۇ، يەنى جەمئىيەتكە مال قىلىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ياشايدىغان
ئىنسانلار ھەمىشە ئوخشاش ئېھتىياج ۋە ئوخشاش ھەل قىلىش ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ئۇچرى-
شىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، شەخسكە ئادەت بولۇپ قالغان نەرسىلەر ئومۇملىشىپ، جەمئىيەت-
نىڭ ئورتاق مېلىغا ئايلىنىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بۇلارنى ئۆگىنىشى بولسا «سىڭدۈ-
رۈش» ۋە «تەقلىد» ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. ياكى ئىناۋەتلىك - نوپۇزلۇق ئورۇندا تۇرغانلار
ئاشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆرپ — ئادەتلەر بويىچە ھەرىكەت قىلىنىدۇ.

دىققەت قىلىنسا، مەيلى سىڭدۈرۈش بولسۇن، مەيلى تەقلىد بولسۇن، ياكى زورلاش
ئۇسۇلى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى «راتسىئونال» ئەمەس، يەنى ئىنسانلار ئۆز جەمئىيە-
تىدىكى ئۆرپ — ئادەتلەرنى ھەر قانداق بىر ئەقلىي ئۆلچەمگە مۇراجىئەت قىلماستىن
ئۆگىنىپ قوبۇل قىلىدۇ. راتسىئونال ھالدا ئۆگىنىش مەزمۇنغا ئايلانمىغانلىقى ئۈچۈن،
چۈشىنىش ئامىلىمۇ بولمايدۇ. توغرا بولغان نەرسىلەر ئۆرپ — ئادەتلەرگە ئۇيغۇن بولغان
نەرسىلەردۇر، خاتا بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرىدۇر.

بۇ كۆز قاراش بىر قارىماققا ناھايىتى ئۇيغۇن كۆرۈنىدۇ. بولۇپمۇ ئايرىم - ئايرىم
كۇلتۇرلەردە بىر بىرىدىن پەرقلىق نورمىلارنى ئۇچرىتىشىمىزنى مۇشۇ شەكىلدە ئاسانلا
چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۇلتۇرى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مۇھىتنىڭ ئىم-

كانيىتى ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلغان بىر تەڭپۇڭلۇق ئىكەنلىكىگە ۋە ھەربىر مۇھىتتىكى ئىنسانلارنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ بىر بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، بۇلار ئايرىم كۇلتۇرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بەزىلەر قېرى ئاتا - ئانىسىنى ئۆلگىچە مۇرىسىدىن چۈشۈرمەيدۇ. بەزىلەر تۇرمۇشتا راھەتكە ئېرىشتۇرىدۇ، بەزىلەر بولسا ئۇلار مەلۇم بىر ياشقا بارغاندا ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. قىسقىسى، ئوخشاش ئەھۋاللاردا ھەربىر جەمئىيەت پەرقلىق ئىنكاسلارنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بىز بۇلارنى ئاتا — بوۋىلىرىمىزدىن كۆرگەنلىرىمىز ياكى باشقا زورلۇغۇچى كۈچلەرنىڭ مەجبۇرى سىڭدۇرغان شەكلى بويىچە قوبۇل قىلىپ، ئاشۇ يولدا ماڭىمىز.

بۇ يەردە ئىككى مۇھىم ھۆكۈم خاتالىقىنى ئۇچرىتىمىز. بىرىنچىسى، ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئەھۋالغا قاراپ، بىر نورما (ئۆرپ — ئادەت، قىممەت) نى تەدبىقلاۋاتقاندا، بۇ ئەھۋالنى ئاپتوماتىك بىر شەكىلدە ئىدراك قىلىشىدۇر. ئەسلىدە بىز بۇنداق قىلمايمىز. بىز ئۆرپ — ئادەتلەر تەدبىقلانغان ھالەتلەرگە يەككە ھالدا ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي بىر مۇھىت ئىچىدە باھا بېرىمىز. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر ھەرىكەت، ھەربىر ئېتىقاد كۇلتۇرنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، كۇلتۇرنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باغلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. قىسقىسى، ھەربىر نورمال ھەرىكەتنىڭ بىر مەنىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر ھەرىكەت ئاشۇ ھەرىكەت يۈز بەرگەن مۇھىت - شارائىت بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، يەنى نىكاھسىز بىرگە تۇرىۋاتقان بىر جۈپلەرنى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە ئەخلاقسىزلىق بىلەن ئەيىبلىيەلمەيمىز. ئوغرىلىق قىلغان بىر كىشىگە ھەربىر ئەھۋالدا ئاشۇ خىل ئىنكاستا بولمايمىز. بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىگە ئەينى كەسكىنلىك بىلەن قاتىل ۋە جىنايەتچى دېگەن سۈپەتنى قوللانمايمىز. سىڭدۈرۈش ۋە بېسىم ۋاستىسى بىلەن قوبۇل قىلىنغان ھەرىكەتلەردە بۇ تۈردىكى كەمچىلىكلەر كۆرۈلمەيدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈزدىكى تەربىيە بولسا چۈشىنىش ئامىلىنى ھېچ نەزەرگە ئالماي، ئىنسانلارنى پسىخولوگىيە لابوراتورىيىسىدىكى تەجرىبىلەردە ئىشلىتىلىدىغان چاشقان ياكى ئىت ماھىيىتىدىكى ئورگانىزم سۈپىتىدە كۆرىدۇ. بىز ھەرىكەتلىرىمىزدە خاتا بولسىمۇ دائىم بىر سەۋەپ - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىزدەپ تاپىمىز ۋە بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. سۈمنېرنىڭ مەنتىقىسىگە ئەگىشىدىغان بولساق، يەم - خەشەك تاغىرى بىلەن يەم - خەشەك ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە سەۋەپ - نەتىجە مۇناسىۋىتى بار دەپ، تونۇيدىغان ئاتتىن پەرقىمىز يوق بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانلار ئالداش مەقسىتىدە بۇ ئىشنىڭ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئالدامچىلىقنى ئۆزلىرى قىلىدۇ.

ئىككىنچى خاتالىق بولسا، ھەر كۇلتۇرنىڭ ئەينى - ئوخشاش ئەھۋاللاردا بىر بىرىدىن ناھايىتى پەرقلىق ئىنكاسلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش چۈشەنچىسىدۇر. بۇنىڭ ئەڭ دىققەتنى تارتىدىغان ئۆرنىكى سۈپىتىدىمۇ يېقىن بىر ئادىمى ئۆلۈپ كەتكەن ياپونلىقنىڭ كۈلىشىنى، ئەينى ئەھۋالدىكى تۈركنىڭ ۋە ئىرانلىقنىڭ يىغلىشىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بىز ئۆلۈمگە بۇ شەكىلدە مۇئامىلە قىلساق، ئۇلار ئۆلۈمگە ئۇ خىل شەكىلدە مۇئامىلە قىلىدۇ. بىز بالىلارغا بۇ خىل ھەرىكەتنى قىلدۇرساق، ئۇلار بالىلىرىغا شۇ خىل ھەرىكەتنى قىلدۇرىدۇ، دەيمىز. مانا شۇ بارلىق پەرقلىق بايانلار ئوخشىمىغان كۇلتۇرلەرنىڭ ئەينى ئەھۋاللار

ئالدىدا ئوخشىمىغان ھەرىكەت تىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىگە تايىنىدۇ. لېكىن، پەرقلىق تىپلاردا كۆرۈلگەن ھەرىكەتلەرنىڭ ئەينى ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە قىلىنغانلىقىنى قانداق ئېيتىپ بېرەلەيمىز؟ باشقا بىر دۆلەتتە ئىنسانلارنىڭ ئالتە ئايلىق بالىلىرىنى خاتىرجەم ھالدا (قىلچە ئازاپلانمايلا) ئۆلتۈرۈۋېتەكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمىزدا تۈكلىرىمىز دىڭ تۇرۇپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز ئەۋلادىنى قانداقمۇ ئۆلتۈرگىسى كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيمىز. ئەينى شەكىلدە ئامېرىكىدىكى بەزى يەرلىك خەلقلەرنىڭ قېرى ئاتا - ئانىسىنى ئۆلتۈرىۋېتىدىغانلىقىمۇ بىزچە چۈشىنىشلىك نەرسە ئەمەس. ئىنسان بالىسىنى قانداقمۇ ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، ئاتا - ئانىسىنى قانداقمۇ ئۆلتۈرۈۋەتسۇن؟

بىر ئاز ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، بىزنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەنلىكىمىز كۆرۈلىدۇ. بىزنىڭ كۈلتۈرىمىزدە بالا چۈشۈرىۋېتىش خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان بىر ئەھۋال. قوساقتىكى بالىنى چۈشۈرىۋېتىش بىلەن تۇغۇلغان بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئوخشاش نەرسە ئەمەس، دېيەلەيسىز. چۈنكى، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ھاياتلىق بىز ئۈچۈن تېخى بالا ھېساپلانمايدۇ. بوۋاق بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلەر ئۈچۈنمۇ، ئاشۇ بوۋاقلار تېخى «بالا» ياكى «ئىنسان» سۈپىتىگە ئېرىشمىگەن بولىدۇ. شۇ سەۋەپلىك ئاتا - ئانىلار بىز ۋە ئۆزلىرى چۈشەنگەن مەنىدە «بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن» ھېساپلانمايدۇ. ھەقىقەتەن، قېرىپ قالغان ئاتا - ئانىمىزغا قىلغانلىرىمىزغا ئوخشاش ئۇلارمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ. ئۇلاردا ئۆلگەن كىشىلەر ئۇ دۇنيادا ياكى بۇ دۇنيادا خۇددى ئۆلگەن چاغدىكى قىياپىتىدە تىرىلىدۇ، دەيدىغان ئېتىقاد بار ۋە ھېچكىم بۇ دۇنيادىن ئالجىغان ياكى تىرىك موردا ھالىتىدە كېتىشنى خالىمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىدىن «ياخشىلىق»نى كۈتىدۇ.

كۆرۈلۈپ تۇرۇپتىكى، ئۆرپ - ئادەتلەر ھېچبىر ئاساسى يوق، قارىغۇلارچە، ئاپتوماتىك بىر ھەرىكەت ئەمەس. بۇلارنى ئەينى ئەھۋال ئالدىدىكى پەرقلىق ھەرىكەتلەر دەپ قاراشمۇ توغرا بولمايدۇ. ئەسلىدە ئەينى ئەھۋاللاردا ھەربىر كۈلتۈر بىر بىرىگە ناھايىتى ئوخشايدىغان ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. قېرى ئاتا - ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتەكەنلەرمۇ ئىنساننىڭ ھاياتىنى بىزگە ئوخشاش قەدىرلەيدىغان، جىنايەتنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ھازىرغا قەدەر ئېرىشكەن بارلىق بىلىملەر ئىنسان تەبىئىتىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يېيىش، ئىچىشكە ئوخشاش فىزىئولوگىيىلىك مەقسەتلەردىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

لېكىن، ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق بولسۇن دەپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەكەنلەر بىلەن ئاتا - ئانىسىغا ئۆلگىچە غەمخورلۇق قىلغانلار ئوتتۇرىسىدا، تېخىمۇ توغرىسى ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ ئىككى تۈردىكى ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچ پەرق يوقمۇ؟ بۇلاردىن بىرى يەنە بىرىسىگە نىسبەتەن ئەقىلگە ئۇيغۇن، زۆرۈر بولغان ۋە ئەۋزەل بىلىنىدىغان بىر نەرسىمۇ؟ دەرەخ قوۋزىقىنى غاجىلاش ياكى كۆسۈتكە گۆشى يېيىش بىلەن بۇغداي نان ۋە كالا گۆشى يېيىش ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىر كۆرۈنۈش ۋە تەم پەرقىلا بارمۇ؟ بۇلار ئەلۋەتتە پەرقلىق نەرسىلەردۇر. ئەڭ ئاددىيسى بىز بۈگۈنكى ئەھۋالىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ ئاشۇ ئىپتىدائىيلىققا قايتىشنى قەتئىي خالىمايمىز. خالىماسلىقىمىزنىڭ بارلىق سەۋەبىمۇ ھازىرقى ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە ناھايىتى چىڭ بىر ھالەتتە باغلانغانلىقىمىز ۋە ئادەتلەنگەنلىكىمىز ئەمەس. بىر زامانلاردا ياۋروپادا

ساراڭلارنىڭ بەدىنىگە شەيتان كىرىۋالدى، دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى زەنجىر بىلەن باغلاپ قاماپ قوياتتى. بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە بولسا ساراڭلارنىڭ كۆپىنچىسى مەنىۋى ھاياجانغا بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەر، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىناتتى. ھازىر بۇنداق كىشىلەرنى خۇددى يۈرەك ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلارغا ئوخشاش دوختۇرخانىلاردا داۋالىشىمىزنىڭ سەۋەبى ئەقىل (نېرۋا) كېسەللىكلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچە بىلىملىرىمىزنىڭ ئۆزگەرگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇشىدۇر. يېمەكلىك ماددىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ھەققىدە بىلىمى بار بىر كىشى ئاشقازىنىنى قورۇق نەرسىلەر بىلەن توشقۇزۇۋالمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش زېھىن - ئەقىل سۈپەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بىر كىشى قۇللۇق ۋە ئىرقچىلىقنى رەت قىلىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بىر مۇنچە ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئاساسسىز دەپ ھېسابلىغاندەك، ھەممىسىنىڭ ئوخشاش قىممەتتە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشمۇ توغرا ئەمەس. بىلىمىمىز تەرەققىي قىلغانسېرى قوبۇل قىلغان ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز بىزنى تۇرمۇشقا - ھاياتلىققا تېخىمۇ ماسلاشتۇرىدىغان بىر ماھىيەتكە ئىرىشمەكتە. بىلىمىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئىنتايىن تار تەجرىبىۋىي قېلىپلار ئىچىدە باھا بېرىش خاتالىقىدىنمۇ قۇتۇلۇۋاتىمىز.

(يۇسۇپجان ياسىن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## 2005 - يىللىق 4 - ساندىكى مۇھىم خاتالىقلارغا تۈزىتىش

| بەت | يۇقىرىدىن (قۇر) | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|
| 52 | 25 | 1060 | 1070 |
| 110 | 11 | 1947 | 1847 |

# تەربىيەچىلەرگە سۆز

**نەجىبە ئەمىن**

پەرزەنتلەر بىزگە ئاتا قىلىنغان نېمەت. بۇ پاك نېمەتلەر پاكلىق ئۈستىدە بەرپا بولۇپ، پاكلىق، ھالاللىق بىلەن قاتارغا قېتىلىپ ياشىشى لازىم ئۇلار بالىلار مىللەتنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرىنى داۋام ئەتكۈزۈدىغانلىقى ئۈچۈن، كەلگۈسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋارىسلىرى بولۇشتەك ئالىي بۇرچ ۋە شان ـ شەرەپ تۇيغۇسىدا بولۇشى ھەمدە شۇ مەقسەتتە تەربىيە ئېلىشى كېرەك. بۇ خىل ئېسىل روھ تەربىيىلىنگۈچى ۋە تەربىيىلەنگۈچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە، كۈچ چىقىرىشىغا، قۇربانلىق بېرىشىگە ئەرزىيدىغان، مۇستەھكەم ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر.

ئاتا ـ ئانا پەرزەنتى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتا قىلىشقا تەييار. دۇنيا زىنىنەتلىرىدىن ئىبارەت پەرزەنتكە نائىل بولغۇچى ئانا بىر مەزگىللىك ئاجىزلىقتىن كېيىن، ئاچچىق تولغاق ۋە شادلىق تۇيغۇلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بىر ھالەتتە ئەزىز پەرزەنتىنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىغا شۈكۈرلەر ئېيتىدۇ. پەرزەنت دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن «ئىسمىنى ياخشى تاللاش ۋە ئەخلاقىنى ياخشىلاش كېرەك» دېگەن ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان كىچىككىنە مېھمان ئۈچۈن گۈزەل، مەنىلىك ئىسىملار تاللىنىپ، بەخت ـ سائادەتلىك ۋە ھەققانىي ئادەم بولۇش تىلىكى بىلەن ئالىم ـ ئۆلىمالارنى، پاك دىل كىشىلەرنى چاقىرىپ، ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتقان ھالدا پەرزەنتكە ئات قويۇلىدۇ، خۇش پۇراقلار چېچىلىدۇ. نان ياكى خورمىغا ئوخشاش بەرىكەتلىك، شىرىن يېمەكلىكلەر بىلەن ئېغىزلاندۇرۇلىدۇ. چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈلگەن ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلار بىر ـ بىرىگە سۆيۈنچىلەر يوللىشىدۇ. شۇ كىچىك سۆيۈملۈك مېھمانىنىڭ شەرىپىگە ئەل ـ جامائەتكە داستىخان سېلىنىدۇ. غېرىب ـ مىسكىنلەرگە خەير ـ ئېھسانلار قىلىنىدۇ. دېمەك، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىنىڭ ساغلام، ئەقىللىق، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشىنى تىلەش بىلەن بىرگە يەنە پەرزەنتى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن بولىدۇ. پەرزەنتلەر ئىللىق، كۆڭۈللۈك ئائىلە مۇھىتىدا، مېھرىبان ئاتا ـ ئانا قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئېتىقادى، تەبىئىتى، خاراكتېرى شۇ ئائىلىدە بەلگىلىنىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئۇلتېشى مۇشۇ مۇقەددەس ئائىلىدە بەرپا بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا ئۇلتاشنى قويغۇچى بولۇپ، بۇ ئۇلتاش مەزمۇت قويۇلمىسا پەرزەنتنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتى ياخشى بولماي، مەڭگۈلۈك ئازاب، پۇشايمان، خاتىرجەمسىز-لىك، ئىزتىراپ ئىچىدە دۇنيادىن ئۆتۈشى مۇمكىن. پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلىدىكى ۋاقىتلىرى ناھايىتى يۇمران، قوبۇلچان مەزگىللىرى بولۇپ، ئاتا ـ ئانا مۇشۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشى، ديانەت، ئېتىقاد، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىلىم ـ ھېكمەت، ئادىمىيلىك، سەمىمىيلىك ئۇرۇقلىرىنى پەرزەنت قەلبىگە چېچىشى، ياخشى پەرۋىش قىلىشى، شىرىن مېۋە بېرىشىگە كۈچ چىقىرىشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بوۋاق تۇغۇلغان

چېغىدا ئىسلام بىلەن تۇغۇلىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدى قىلىپ چىقىدۇ، يا خرىستىئان قىلىپ چىقىدۇ، يا مەجۇسى (ئوتقا چوقۇنغۇچى) قىلىپ چىقىدۇ.»①

بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر شەيخ سەئدىنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مىراسلىرىمۇ پەرزەنت تەربىيىسىدە ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھېكمەت دۇردانىلىرىدۇر.

گۆدەك چاغ تەربىيە كۆرمىسە ھەركىم،
چوڭ بولغاندا ئۇندىن قاچىدۇ ئامەت.
كۆك چىۋىقنى ئەگمەك تولىمۇ ئوڭاي،
قۇرۇسا رۇسلىماس، ئوت كېرەك پەقەت.

دېمەك، ئاتا ـ ئانا، ئائىلە ئەزالىرى پەرزەنت تەربىيىسىدە مۇقەددەس ئەخلاقىي ئەنئەنىلەردىن، ئېسىل نەمۇنىلەردىن ئۈلگە ئېلىشى، ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ھەققىنى، ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى پەرزەنتلەرگە بىلدۈرۈشى، پوتكۇل تەربىيە جەريانىدا ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، بالىلارنى گۈزەل سۆز ـ ئىبارىلەرنى قوللىنىشقا ئادەتلەندۈرۈشى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشكە كۆندۈرۈشى، تۇرمۇشنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ۋۇجۇدىغا شەرم ـ ھايا، ئەخلاق ـ پەزىلەت، پاكلىق، ئالىيجانابلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىشى كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە بالىلار تەربىيىسىدە مۇھىم بولغان، ئەنئەنىۋى ئەخلاق يوسۇنلارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىلاردىن تۇتۇشقا بولىدۇ:

1. ھەر قېتىم سىرتتىن ئۆيگە كىرگەندە، يوللاردا ئۇچراشقاندا، ئۆزىدىن چوڭلارغا ھەم كىچىكلەرگە، كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئازچىلىق كۆپچىلىككە «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىشكە، سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندا، سەپەردىن قايتقاندا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بېرىپ ئەھۋال سوراشقا، قوللىرىغا سۆيۈپ، ئاتا ـ ئانىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەشكە، ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى مۇئمىنلەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار» (سۇرە نۇر، 27 ـ ئايەت)

. دەرۋەقە، ئارىمىزدا «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم»غا تىلى بارماي قىينىلىدىغان «ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام»دىن ئىبارەت تىلغا يېنىك، مىزاندا ئېغىر ياخشى جاۋابقا كۆنەلمەي، مەگدەپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ھودۇقۇپ كېتىدىغان كىشىلەرمۇ باركى، بۇنداق كىشىلەر دىلى ۋە تېنى قاسماق باسقان خامۇش، پەزىلەتسىز كىشىلەردۇر.

2. سەھەردە ئويغاندا، چۈشتە ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتقاندا، كەچتە ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقاندا پەرزەنتلەرنى ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ ئايرىم خانىلىرىگە كىرىشتە ئىشىكنى چېكىپ، ئىجازەت بېرىلگەندە ئاندىن كىرىشكە ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك. سىرتتىن ئۆيگە كىرگەندە ياكى باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى چەككەندە «كىم؟» دېيىلگەندە «مەن» دەپ جاۋاب بەرمەي، مەن پالانى ياكى مەن پالانىنىڭ بالىسى دېگەندەك ئېنىق مەلۇمات بىلەن ئۆي ئىگىسىنى خەۋەرلەندۈرۈش كېرەك. سەھرا ـ قىشلاقلاردا ياشاۋاتقان كۆپ قىسىم كىشىلەر-

① ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان، سەھىھۇل بۇخارىدىن ئېلىندى.

نىڭ، ھەتتا شەھەرلەردە ياشاۋاتقان «مەدەنىي» بىر قىسىم شەھەرلىكلەرنىڭمۇ ئىجازەتسىز،
سالام - سەھەتسىز باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشى كىشىنى تەشۋىشكە سالىدۇ. ئۇلار دىيا-
نەت، قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ھەممە ئادەم ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان ئورتاق قائىدىلەر
ئىكەنلىكىنى بىلىشمەمدىغاندۇ؟ مەيلى شەھەردە بولسۇن، مەيلى سەھرا - قىشلاردا بولسۇن
پەرزەنت تەربىيىسىدە ھەممە ئورتاق ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەخلاقىي ئەنئەنىلەرنى
ئۆلگە قىلىش كېرەك. تەربىيىدە قىز - ئوغۇل پەرزەنتلەرنى بەدەنلىرى، ئۇياتلىق يەرلىرى
ئېچىلىپ قالغان ھالەتتە بىر - بىرىگە كۆرسەتمەسلىكى، ئاتا - ئانا پەرزەنتلەر ئالدىدا كىيىم
ئالماشتۇرماسلىقى، گىرىم قىلماسلىقى، بىللە مۇنچىدا يۇيۇنماسلىقى، ئاتا - ئانا پەرزەنتلەر،
قېرىنداشلار ئارىسىدا شەرم - ھايا پەردىسىنى ئارتىشى كېرەك.

بىر كۈنى مەن مەلۇم بىر ئىش بىلەن يىراق بىر تونۇشۇمنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا كوچا دوقمۇشىدا بىرقانچە ئايال بىلەن تونۇشۇمنىڭ يەتمىش ياشلارغا
بېرىپ قالغان ئاپىسى ئولتۇراتتى. ئۇلار كۇسۇرلىشىپ پاراڭلىشىۋاتقان ئىكەن. مەن سالام
قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم. ياشانغان بۇ ئايال قاپقارا بويالغان چاچلىرىغا زەڭگەر
رەڭلىك نېپىز گاز ياغلىقنى قوندۇرۇۋالغان بولۇپ، بوغداي ئۆڭ يۈزلىرى، نۇرسىز كۆزلە-
رى خۇنۈك كۆرۈنەتتى. كۆينىكىنىڭ يېڭىنىڭ قىسقىلىقىدىن بوشاپ كەتكەن قولتۇق گۆشلە-
رى ساڭگىلاپ تۇراتتى. كۆينىكىنىڭ ئېتىكىنى قايرىۋالغان بولۇپ، تىزىغا كېلىدىغان
گۈللۈك شالۋۇرىنىڭ ئاغلىرى توپىلىق يەرگە تېگىپ تۇراتتى. توپا باسقان سايما كەشلىك،
پايپاقسىز بوغداي ئۆڭ پۇتلىرى كېرىلگەن ئىدى. ئۇرۇمچىدەك تەرەققىي قىلغان، مەدەنىي
شەھەردە ياشاۋاتقان «بىلەرمەن» بىر ئانىنىڭ ھالى شۇ ھە! دېگەن ئويلار بىلەن تونۇشۇمنىڭ
ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. تونۇشۇم ئىشىكنى ئاچتى. مەن يەنە بىر غەيرى ھالەتنى، ئۇيغۇر
ئائىلىلەردە، مۇسۇلمان ئائىلىرىدە چېلىقمايدىغان كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر مەنزىرىنى
كۆردۈم. يىگىرمە يەتتە ياشلاردىكى بوغداي ئۆڭ بىر ئوغۇل بالا سافادا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ
ئېتىكىدە يىگىرمە بەش ياشلاردىكى ئاق پىشماق، سېمىز، ئېگىز بىر قىز سېرىق رەڭلىك
رۇباشكا (ئىچ كۆينەك) كەيگەن ھالەتتە ئولتۇرسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى مانا مەن،
دەپ ئېچىلىپ تۇراتتى. ئوغۇل قىزنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇشۇلاپ قويىۋاتقان ئىكەن (ئەسلىدە
ئۇلار ئاكا - سىڭىل ئىدى). ئۇلار تىنچلىقتىن كېيىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىچكىرىكى
خانىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. مەن ھەيرانلىق ھەم ئىزتىراپ ئىچىدە ئىشىمنى تۈگىتىپ
ئۆيىدىن چىققاندا بىردىنلا قەلبىم روشەنلىشىپ ئەقىل تاپقاندەك بولدۇم. خەير خۇش تونۇشۇم،
سېنىڭ روھىيىتىڭ ۋە ۋۇجۇدۇڭدىكى بولمىغۇر ئىللەتلەر ئەسلىدە ئائىلەڭدە شەكىللەنگەنىكە
ئەمەسمۇ!

3. پەرزەنتلەرنى پاكىزلىققا ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك. بەدەن، كىيىم - كېچەك تۇرالغۇ-
لارنى پاكىزە تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرۈشى، ھەر ۋاقىت يەتتە ئەزانىڭ پاكىزە بولۇشىغا كاپالەتلىك
قىلىشقا، تاماقتىن ئاۋۋال قول يۇيۇشقا، تاماقتىن كېيىن ئېغىز چايقاشقا ئادەتلەندۈرۈشى،
سۇ بىلەن مەينەتچىلىكلەرنى پاكىزلاشقا، خۇش پۇراقلار بىلەن روھنى ئۇرغۇتۇشقا، خۇش
پۇراق بىلەن نىجىس پۇراقنى پەرق ئېتىشكە ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ
ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «جۈمە كۈنى غۇسلى
قىلىش (يۇيۇنۇش)، مىسۋاك ئىشلىتىش (ئېغىزنى تازىلاش)، ئەگەر تاپالىسا خۇش بۇي
نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ھەربىر بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر،» دېگەن (ھەدىس-

شەرىفتىن «ئۈنچە ـ مارجانلار» 185 ـ بەت) . كۆز ئالدىمىزدا بىر قىسىم بالاغەتكە يەتكەن باللارنىڭ، قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن، بەدەنلىرىدىن چىققان بەدبۇي پۇراق كىشىنى سەسكەندۈرىدۇ. چوڭ رەستىلەردە يۈرۈشكەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى ناپاكلىق، مەينەتچىلىك، يۈز ـ كۆزلىرىدىكى سۆرۈنلۈك، چىرايلىرىدىكى خۇنۇكلۇق ئىنسانىڭ تەقى ـ تۇرقىنى، مىللەت روھىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان، كىشىگە روھىي بېسىم پەيدا قىلىدىغان ئىللەتلەردۇر.

4. پەرزەنتلەرنى تاماقتا چوڭلارنىڭ قول ئۇزىتىشىنى كۈتىدىغان، تائامنى ئوڭ قول بىلەن ئۆز ئالدىدىن يەيدىغان، ئاچكۆزلۈك قىلمايدىغان، تاماق ۋاقتىدا كۆڭۈلسىزلىك تۇغدۇرمايدىغان ياخشى خىسلەتلەرگە كۆندۈرۈشى، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىپ، كۈلۈشۈپ باشقىلارنىڭ تاماق يېيىشىگە دەخلى قىلىدىغان يامان ئىللەتلەردىن توسىشى كېرەك. تاماق يېيىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تائاملارنىڭ راھىتىگە رەھمەت بىلدۈرۈشكە، رىزقلارنىڭ كەڭرى بولۇشىغا بەرىكەت تىلەشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنداقلا يەنە بەدبۇي يېمەكلىكلەردىن، ئىچىملىكلەردىن باللارنى تارتىش كېرەك.

5. پەرزەنتلەرنى سىرتقا چىققاندا ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ چىقىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. «سالامەت بولۇڭ»، «خاتىرجەم بولۇڭ»، «سەپىرىڭىز، ئىشلىرىڭىز بەرىكەتلىك بولسۇن»، «ياخشىلىقلار يار بولسۇن»، «يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەندەك گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەرگە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن قاتتىقلىقلار يۇمشاقلىشىدۇ، يېشىلمىگەن گىنە ـ ئاداۋەتلەر يېشىلىدۇ، كۆڭۈللەر روشەنلىشىدۇ. گۈزەل ئەخلاق، گۈزەل سۆزلەر بارچىنى بويۇن ئەگدۈرىدۇ.

6. ئائىلىدە قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەبىئىتىگە خاس تەربىيە بېرىش كېرەك. ئۇلارغا ياخشى ـ يامان، ھالال ـ ھارام ئىشلارنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىشى، باللارنى قامەتلىك، كۈچلۈك، ساغلام، باتۇر، قورقماس، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان، سەمىمىي، راستچىل، قىيىنچىلىق ۋە زەربىلەرگە باش ئەگمەيدىغان، ماختاشتىن ئۇچۇپ، تەنقىتتىن بېشى چۈشۈپ كەتمەيدىغان، ئائىلىگە تۈۋرۈك، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىغا يۆلەك بولىدىغان، مەسئۇلىيەتچان، ئۆز ۋەتىنىگە، خەلقىگە سادىق، شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان، خۇش چىراي، پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 1 ـ 2 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان نۇشىرۋان ياۋشېفنىڭ «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» ناملىق ئەسىرىدە تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ: «... بۇ يەردە كوچا بويىدا سۇرەن سالغۇچىلار، بىر تىيىن ئۈچۈن كوچىنى بېشىغا كېيىپ سوقۇشقۇچىلار، قىيامەت قايىم بولغاندەك ئۇرۇشىدىغانلار بەك كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن خوتۇن ـ قىزلارمۇ چەتتە قالمايدۇ. ئاتا بالىسى ئالدىدا، بالا ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەرنى كۆپ قىلىدۇ. بۇ ئىش بۇ يەردە ھېچقانچە ئەيىب سانالمايدۇ. ئېرى خوتۇنىغا، خوتۇنى ئېرىگە ئاچچىقلىنىپمۇ، ئويناپ ـ كۈلۈپمۇ ھەرقىسما ئۇياتسىز سۆزلەرنى ھەددى ـ ھېسابسىز قىلىۋېرىدۇ ...

... بۇ يەردە ئوغۇللارنى بولسۇن، قىزلارنى بولسۇن، ئىشقىلىپ ئوقۇتۇش، تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. قىزلار تاكى ئەرگە تەگكەنگە قەدەر ئوغۇل باللار بىلەن بىرگە كوچا ـ كويلاردا ئويناۋېرىدۇ ...

... بارى - يوق پۇلىنى ياش ۋە چىرايلىق قىزلارغا پىدا قىلىدۇ. ئىلىم - مەرىپەت يولىغا، ئىنئام - ئېھسان قىلىشتىن لەززەتلىنىشنى بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ بەخت قارىشى ياخشى ئۆي، ياخشى خوتۇن، ياخشى تاماق، ياخشى ئات، چىرايلىق كىيىمدىنلا ئىبارەت، خالاس. بالىلىرىنىڭ ياتلارغا سېتىلىپ ئاينىپ كېتىشلىرى بىلەن كارى يوق ...

... ئائىلە تەربىيىسى بىلەن كارى يوق. بۇلار بالا تېپىشقىلا ئىگە. بالا تۇغۇشنى ئانىغا، ئانىنى خۇداغا تاپشۇرۇدۇ. بالىنى چىن ئىنسان قىلماق قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئېسىگە كىرىپ چىقمايدۇ. شۇنداق قىلىپ مەسۇم بالىلار ھايۋان بىننى ھايۋان پېتى قالىدۇ.»

يۇقىرىقى ماقالىگە ئىشلىگەن نۇسرەت تۇردى، ئابلىز ئۇرخۇن ئەپەندىلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى قۇرلار ئوقۇغان كىشىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ: «ئالىم ئېيتقان يۈز يىل ئىلگىرىكى بوشاڭلىق، پەرۋاسىزلىقنىڭ تا ھازىرغا قەدەر روھىيىتىمىزدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆكۈندۇق» . ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بالاغەت يېشىدىن ئاشقان، مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ياكى جەمئىيەتكە چىققان بەزى بالىلارنىڭ مەكتەپ تۈزۈمى، جەمئىيەت تەقەززاسى، ئائىلە خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ ھەممە تەرەپكە يۈك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى، بەزى بالىلارنىڭ يەنە ئاتا - ئانىدىن ئىبارەت مۇقەددەس كىشىلىرىنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەپ ئۆمرىنى كىشەنلەۋاتقانلىقى، قەلبى پارە بولغان ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت كويىدا ھەر قىسما ئىشكىلەردە تەلمۈرۈشۈپ، پەرزەنتى ئۈچۈن مېھرىبانلىق تىلىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقى، يەنە بىر قىسىم بالىلارنىڭ شەرم - ھايا، ئىنسانىي خىسلەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىپلاسلىق پاتقىقىغا پېتىپ، ئەجدادىنىڭ، مىللىتىنىڭ نامىنى بولغاۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان ھەقىقەت. بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتلەرگە سەۋەب بولغۇچىلار كىملەر؟ بىر بالا كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا قول تىقىپ ئوغرىلىق قىلدى. چۈنكى يوقسۇللۇق ئۇنى شۇنىڭغا مەجبۇرلىدى. گۈزەل، سەبىي قىزلىرىمىز كىيىم - كېچەك زىبۇ - زىننەت، پۇل ئىشتىياقى، «مۇھەببەت» شەيدالىقى بىلەن زىنا - زالالەت، پەسكەشلىك پاتقىقىغا چۆكۈپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى تۇرمۇش ئۇلارنى شۇنىڭغا مەجبۇرلىدى. ئاتا - ئانا، پەرزەنتلەر، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا مېھىر- مۇھەببەت قالمىدى. چۈنكى بۇ رىقابەت دۇنياسى. رىقابەتتە ئۇتۇش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى. قىز - ئاياللىرىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىزنالىرى بولغان يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە كوچىلارغا چىقىۋېلىشتى. توپ - توپ بولۇشۇپ ئاممىۋى سورۇنلاردا، كوچا - مەھەللىلەردە چوقان - سۈرەن سېلىشىپ ئۆز تەبىئىتىنى نامايان قىلىشتى. چۈنكى بۇ زامانىۋى جەمئىيەت. زامانىۋىلىق كىشىلەرنى ئېچىلىپ - يېيىلىپ، ئەركىن - ئازادە يۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. ھەممە ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بالىلار چوڭ بولغاندا ئۆز ئىرىشچانلىقى ئارقىلىق تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ھەممىنى ئاتا- ئانىغا يۈكلەش ھەقلىق ئەمەس ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىنسانىي مەسئۇلىيەت، تەربىيەت مەسىلىلىرىگە بولغان يۈزەكىي قاراشلىرى ۋە يېنىكلىك بىلەن بەرگەن جاۋابلىرىدۇر. ئاللاھتائالا ئوغرىلىقنى ھارام قىلغان. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار. ئاللا غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (سۈرە مائىدە، 38 ئايەت) . ئاللاھتائالا زىناخورلۇقنى چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر» (سۈرە ئىسرا، 32 - ئايەت) . زىنا قىلغۇچىلارنى جازالاشنى يولغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: «زىنا

قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەربىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار» (سۈرە نۇر، 2 - ئايەت) . يەنە شۇنداق ھېكايەت باركى، بىر ئايال بالىسىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ ئىزلەشكە باشلىدى. ئۇ كىيىملىرى بىلەن ئورۇنىۋالغان ئىدى. كىشىلەردىن بىرى: «ئورىنىۋېلىپ بالىسىنى ئىزدەۋاتقان بۇ ئايالغا قاراڭلار،» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئايال دېدىكى:

— ئەي بۇرادەر، مېنىڭ بالامنى يۈتتۈرۈپ قويغاندىكى مۇسىبىتىم، ھايانى يۈتتۈرۈپ قويغاندىكى مۇسىبىتىمدىن ياخشىراق. ئەجەبا بۇندىن 10 ئەسىر ئىلگىرى ئەرەب سەھرالىرىدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھال - كۈنى بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزدىن ياخشىمىدۇ؟ ھېسسىيات، ھەۋەس، ئىشتىياق دېگەنلەر نورمال ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلمەسمۇ؟ بۇلار ماكان ۋە زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان ھادىسىلەرمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە دىيانەت، ئېتىقاد، روھىي ساغلاملىق، ۋىجدان - غۇرۇرنىڭ مۇكەممەللىكى جاۋاب بولالايدۇ.

زامانىمىزدا بىر ئايال تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ئازابلىرىدىن بىر يولى ئادا - جۇدا بولۇش ۋە پۇل - مالغا ئىگە بولۇش ھەۋىسى بىلەن يولدىشىغا نۇرغۇن قەرز ۋە بىر بالىسىنى قالدۇرۇپ، ئۇزۇن مۇساپىلىق سودا سەپىرىگە يول ئالدى. بۇ يەردە قالغان ئەر ھاراق - شاراب، كەيىپ - ساپانىڭ تەسىرى ۋە ئايالى ئۇنىڭغا قالدۇرغان قەرزنىڭ بېسىمى بىلەن روھى چۈشۈپ، تېنى ئاجىزلاپ، مادارىنى يوقاتتى. تەربىيىگە موھتاج، بالاغەت يېشىدىن ئەمدىلا ئاشقان بالا جەمئىيەتتىكى ناچار قىلمىشلارغا — چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالدى. ئېھتىياجلىق پۇلى ئۈچۈن ھەر نەرسىدىن يانمايدىغان بولدى. دادا - بالا ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش - تالاش، قارغاش - بىزار بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بالا مەكتەپتىن قاچاتتى. دادىسى ۋە باشقىلارنى پۇل ئۈندۈرۈش كويىدا يالغان ئېيتىپ ئالدايتتى. بالىنىڭ بىغۇبار قەلبى، سەبىي چىرايى، كۆچەتتەك قەددى بۆشۈكىدىلا يىگىلەپ كەتتى. ئانىچۇ؟ سەپەر جەريانىدا نامەھرەم چۆپقەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن نامى تىللاردا ئىبرەتلىك داستان بولدى. ئېرىنى پالاكەتكە قويغان، بالىسىنى تاشلىۋەتكەن بىۋاپا، نەپرەتلىك ئايال، دېگەن ئاتاققا قالدى. ئۆمرىنىڭ نەۋقىران ۋاقىتلىرىدا تۇرۇۋاتقان، ھەتتا پەرزەنتلەرگە ئاتا - ئانا، نەۋرىلەرگە بوۋا - موما بولۇۋاتقان بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ئىنساننىڭ ياشاش مەقسىدى نېمە؟ ئۆز روھىيىتىدە ۋە ۋۇجۇدىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەر قايسى؟ دېگەندەك سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرىدىن ياكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئەقەللىي تەرتىپ، قائىدە - مىزانلار ئالدىدا، ئۆز ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشلىرىدىن، سىستېمىسىز سۆز يورغىلىتىشلىرىدىن ياكى قارىغۇلارچە ئىش تۇتۇشلىرىدىن ئۇلارنى ئەقىلسىز، بىلىمسىز، نادان، بىخۇد دەيمىزمۇ ياكى ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز، يورۇق دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بوۋاقتەك سەبىي، دەپ ئەركىلىتىپ قويىمىزمۇ؟ ئاممىۋىي ھاجەتخانىلاردا ھاجەتتە ئولتۇرۇپ بىمالال، ئازادىلىك بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتقان، كۈلكە - چاقچاق قىلىشىۋاتقان، ھال - مۇڭ ئېيتىشىۋاتقان، غەيۋەت - شىكايەت قىلىشىۋاتقان؛ رېستورانلاردا، ئاممىۋىي سورۇنلاردا ئۆز ھېسسىياتلىرىنى باسالماي جاھاننى بېشىغا كىيىشىۋاتقان، كۆزىگە سىغمايدىغان كىشىلەرگە ئالىيىپ، پىچىرلىشىپ قارىشىۋاتقان كىشىلەردىن — قىز - ئاياللاردىن ئىنسانىي جەمئىيەتنىڭ ئەزەلىق سالاھىيىتىنى، ئانىلىق سىماسىنى تاپقىلى بولارمۇ؟ شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، توغرا تەربىيە يولىنى تاپالمىغان بەزى ئاتا - ئانىلار يەسلىلەردە تۇرۇۋاتقان سەبىي پەرزەنتلىرىنىڭ بىغۇبار قەلبىگە ناتوغرا رىقابەت تۇيغۇسى بېرىپ، ئۇلارنى بۆشۈكىدىلا شەخسىيەتچى، مەنمەنچى، قوپال، رەھىم - شەپقەتنى بىلمەيدىغان قىلىپ يېتىشتۈرمەكتە. بۇ بالىلارنىڭ چىرايىدىكى بالىلارغا خاس سەبىيلىك، ئۇماقلىقلار، خۇشال كۈلكىلەر يوقالغان

بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن چوڭلارنىڭ ئەركىلىتىشلىرىگىمۇ پەرۋاسىزلىق، ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارايدىغان ھالەتلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. يەنە ئاتا - ئانىلار سەبىي پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇماق قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، بىغۇبار قەلبىنى، يۇمران ۋۇجۇدىنى يېتەكلەپ باشقىلارنىڭ تەربىيىلىشىگە سۇنۇشى ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدىكى ئازغۇنلۇقىدۇر. بىر ئەئرابى ئۆز بالىسىغا مەرسىيە يېزىپ: «مەن شۇ تاپتا ھەم دەپنە قىلىنغۇچىمەن ھەم دەپنە قىلغۇچىمەن، چۈنكى ئۆزۈم - ئۆزۈمنىڭ پارچىسىنى كۆمۈۋەتتىم ئەمەسمۇ؟!» دېگەن.

مۇقەددەس بۇرچىنى ئۇستىگە ئېلىشقان، ئالەمچە ھوقۇقتا، ئاقىبەت مەسئۇلىيەتكە ئىگە بولغۇچى مېھنەتكەش، مېھرىبان ئاتا - ئانىلار! ئۆزىمىزنىڭ نادانلىقىمىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ خار ۋە زەبۇنلۇقتا قېلىشىنىڭ مەنبەسى بولمىسۇن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىم ۋە تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان دەسلەپكى قەدەمدىكى سوئاللىرىم، ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر قەلبىگە نۇرلۇق شولىلارنى بەخش ئەتسە ئەجەب ئەمەس. ھىدايەت، ئىجتىھات توغرا جاۋابقا ئېرىششنىڭ يولىدۇر.

ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز روھىيىتىدە دىيانەت، ھەققانىيەت تۇيغۇسى بارمۇ؟

ئۆز ۋۇجۇدىدا پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولغۇدەك، قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتقۇدەك نۇرلۇق شولىلار ئەكس ئېتەمدۇ؟ ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلەر ئۇستىدىكى ھەققىنى، ئاتا - ئانىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى پەرزەنت قەلبىگە ئىلمىي ھېكمەتلەر بىلەن سىڭدۈرەلىدۇقمۇ؟

پەرزەنت تەربىيىسىدە مۇقەددەس، ئۆلمەس نەمۇنىلەردىن ئۈلگە ئالدۇقمۇ؟

پەرزەنتلەرگە ھەر ۋاقىت ئېتىبار بېرىپ، كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرالىدۇقمۇ ياكى ئۇلار تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن تەربىيىسىز قېلىۋاتامدۇ ۋە ياكى پەرزەنتنى «كەلگۈسى تۇرمۇش ئىستىقبالى» ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تەربىيىلىشىگە سۇندۇقمۇ؟

پەرزەنتلەرنى سىرتنىڭ يامان تەسىرىدىن قوغدىيالىدۇقمۇ؟ ھەرخىل ھاۋايى ھەۋەس ئىشكىلىرىدىن نېرى كېتەلمەي پەرزەنتلەرگە ئېتىبارسىز قاراپ، ئۇلارنىڭ بىغۇبار روھىيىتىنى زۇلمەت ئىچىدە قويدۇقمۇ؟ پەرزەنتلەرگە ئوچۇق - يورۇق، سەممىي، مېھرىبان بولماي، ھەيۋە قىلىپ، قورقۇتۇپ گۆدەك قەلبلەرنى ئەنسىز تىترەتتۇقمۇ؟

ئاتا - ئانىلار يېتەرلىك تەربىيە قىلساقمۇ، پەرزەنتلەر قوبۇل قىلمىدىمۇ ياكى تەقدىردە شۇنداق پۈتۈلگەن ئىكەن دېگەن، جاۋاب كۆپايىمۇ؟ ......

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىدە)

# تۇرپان قىزىل سايۋا ئۈزۈمى ھەققىدە

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بوغدا تېغى، غەربىي تەرىپىدە تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكى، جەنۇبىي تەرىپىدە چۆل تاغ، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ئالتۇنتاغ بار. بۇلاردىن باشقا، شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان يالقۇنتاغ بىلەن تۇز تاغ تۇرپان ئويمانلىقىنى ئوتتۇرىدىن ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تەسىرىدىن تۇرپان ئويمانلىقىدا يورۇقلۇق يېتەرلىك، ئىسسىقلىق مول، ھۆل - يېغىن ئاز، تېمپېراتۇرا يۇقىرى، قۇرغاق بولۇشتەك ئامىللار كېلىپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈم تېلى ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ھازىرلانغان.

«قىسقىچە بىرتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە: «شىمالىي يېرىم شاردا مېئوسېن ئېپوخاسى دەۋرى (يەنى بۈگۈندىن تەخمىنەن 19 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن 26 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ) ۋە تېرتىيارى پېرىئود دەۋرى (يەنى بۈگۈندىن تەخمىنەن 2 مىليون 500 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن 65 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ) لىرىگە مەنسۇپ بولغان چۆكۈندىلەر ئىچىدىن ئۈزۈم يوپۇرمىقى ۋە ئۈزۈم نوتىسىنىڭ (پېلىكىنىڭ) تاشقا ئايلانغان پارچىلىرى تېپىلغان»① دېيىلگەن.

ئاگرانوم نۇرنىسا قاسىم «ئۈزۈمچىلىك» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: «ئېنىقلىنىشىچە، ئۈزۈم تېلى يەر يۈزىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر تېپىغا كىرىدۇ، ئۈزۈم تېلى تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىنىڭ تۈنجى نامايەندىسى تاش قالدۇقى ئىراسنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ يەر ئاستىدىن تېپىلغان. ئۇ دەۋرگە ھازىر 70 مىليون يىل بولدى»②.


يېقىندا تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك ھەم ئېكولوگىيىلىك ئەھۋالى، ئۈزۈمنىڭ تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە تۇرپان رايونىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ۋە تۇرپان رايونىدا ئۇزۇندىن بۇيان ئۆستۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان ئۈزۈم سورتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.


ھازىرغا قەدەر ئۈزۈم ھەققىدىكى تەتقىقاتلار توختاپ قالغىنى يوق. بۇ تەتقىقاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلساق، ئۈزۈمنىڭ تۇرپان رايونىدا تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن ۋاقتىغا تەخمىنەن 1600 يىلدىن 1700 يىلغىچە بولغان بولىدۇ، يەنى ئېلىمىزنىڭ 16 پادىشاھلىق دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ. دېمىسىمۇ، تۇرپان رايونىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەنلىك ياكى ئۈزۈمگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارمۇ ئەنە شۇ دەۋرلەردە خاتىرىگە ئېلىنغانلىقى مەلۇم.


شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىرلىشىپ، پىچان ناھىيە ياڭخې 2 - نومۇرلۇق قەبرىلەر توپىنى قازغاندا، M2069 نومۇرلۇق قەبرىدىن مېيىتنىڭ ئاستىغا قويۇلغان دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇزۇنلۇقى 115 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 2.3 سانتىمېتىر كېلىدى-

غان ئۈزۈم تېلىنىڭ شېخى چىققان③. ئارخېئولوگلار ئاشۇ قېتىمقى بايقاشقا ئاساسلىنىپ، تۇرپان رايونىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئۈچ مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان.

ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان، ئۇچۇر تورلاشقان، كىشىلەرنىڭ بازار ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ھازىرقى دەۋردە تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۈزۈمنىڭ سورتلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن. ئەمما، ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ قارايدىغان بولساق، تۇرپان ئويمانلىقىدا قەدىمدىن تارتىپ ئۆستۈرۈلۈپ كېلىنىۋاتقان سورتلىرى كىشمىش ئۈزۈم، سايىۋا ئۈزۈم، قىزىل سايىۋا ئۈزۈم، كۆك قەشقەر ئۈزۈمى، ئاق قەشقەر ئۈزۈمى، بىجاقى، كۆزلۈك سايىۋا ئۈزۈم، قارا ئۈزۈم، غۇنچە ئۈزۈم، قارابىلىغى ۋە ئاق بىلىغىدىن ئىبارەت 11 تۈرگە بارىدۇ④.







ئەنە شۇ قەدىمىيراق بولغان ئۈزۈم تۈرلىرىگە دىققەت نەزەرىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق، ئەجدادلارنىڭ ھەربىر ئۈزۈم تۈرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى، بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل سايىۋا ئۈزۈمگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مەلۇم. ئالايلۇق، ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب قاتارلىق ئىچىملىكلەرنىڭ ياسالغانلىقى ياكى ياسىلىدىغانلىقى، ئۈزۈمنى كېسەل داۋالاش مەقسىتىدە دورىغا ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار بار. بىراق، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئۈزۈم» دەپلا ئاتالغان. قايسى خىلدىكى ئۈزۈم ئىكەنلىكى كونكرېت تىلغا ئېلىنمىغان. قىزىل سايىۋا ئۈزۈمگە كەلسەك، بۇ ھەقتە باشقا ئۈزۈم تۈرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ھەرخىل رەسىملەر ۋە بەزى مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. تۆۋەندە شۇ رەسىملەر ۋە مەلۇماتلارنى بىرلىكتە كۆرۈش بىلەن بىرگە، ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن قىزىل سايىۋا ئۈزۈم ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىمۇ كۆرۈپ ئۆتىمىز. بۇلار ھەققىدە رەسمىي توختىلىشتىن ئىلگىرى تۇرپان قىزىل سايىۋا ئۈزۈمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش زۆرۈر.

تۇرپان قىزىل سايىۋا ئۈزۈمى ھەققىدىكى مەلۇماتلار خېلى كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاگرانوم نۇرنىسا قاسىم نەشرگە تەييارلىغان «ئۈزۈمچىلىك» ناملىق كىتابىتكىنى ئاساس قىلىپ، قىزىل سايىۋا ئۈزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

«بۇ ئۈزۈم تېلىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئائىلىسىگە مەنسۇپ سورت. بۇ سورتنىڭ ئۈزۈم ساپىقى يۇمۇلاق ۋە قوش كۇنۇسسىمان كېلىدۇ. ساپاقلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 500 ـ 600 گرام، ئەڭ چوڭ ساپاقلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 1.570 كىلوگرام كېلىدۇ. بۇ سورتنىڭ مېۋە دانىلىرى زىچ بولىدۇ، مېۋە دانىسى تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولىدۇ. مېۋە دانىسىنىڭ ئوتتۇرى-

چە ئېغىرلىقى 3.95 گرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 6 گرام كېلىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئاستى تەرىپى ساغۇچ يېشىل، ئۈستى تەرىپى قىزغۇچ كېلىدۇ، مېۋە گۆشىنىڭ تاتلىقلىقى ۋە چۈرۈكلۈكى نورمال بولۇپ، مېۋە تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى 22 ـ 23 پىرسەنتكە يېتىدۇ، مېۋە پوستى نېپىز كېلىدۇ. ئومۇمەن مېۋىسىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ سورتتا ئۆسۈملۈكىنىڭ ئانا شېخىنىڭ 3 ـ بوغۇمىدىن 10 ـ بوغۇمىغىچە بولغان ئارىلىقىدا مېۋە بېرىدىغان نوتىلار ئەڭ كۆپ بولىدۇ. مېۋە نوتىلىرىنىڭ 6 ـ، 7 ـ بوغۇملىرى كۆپ مېۋىلەيدۇ. مېۋە بېرىدىغان نوتىلار ھەربىر تۈپتە ئومۇمىي شاخلارنىڭ 27.9 — 29.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، قوشۇمچە شاخلىرىنىڭ مېۋىلىشى ئاجىز بولىدۇ.

بۇ سورت تۇرپان ئويمانلىقىدا، يالقۇنتاغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بىخ چىقىرىپ، 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا گۈللەيدۇ، 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا مېۋىسى قىزىرىشقا باشلاپ، 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تولۇق پىشىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئومۇمىي يېتىلىش جەريانىغا 135ـ 150 كۈن ۋاقىت كېتىدۇ، ئۈنۈملۈك تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىغىندىسى 3830.5°C بولىدۇ.

بۇ سورتنىڭ ئۆسۈشى كۈچلۈك، مەھسۇلاتى ئوتتۇراھال، مېۋىسى ئەلا سۈپەتلىك، ئەمما يۆتكەشكە ۋە ساقلاشقا چىدامسىز، ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولسا، مېۋىسى ئوڭاي يېرىلىپ كېتىدۇ»⑤.

يۇقىرىدا تۇرپان قىزىل سايۋا ئۈزۈمىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. تۆۋەندە تۇرپان قىزىل سايۋا ئۈزۈمى ئاساسىي تېما قىلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەم ئۇلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.


مەلۇم بولۇشىچە، تۇرپان قىزىل سايۋا ئۈزۈمى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يازما (سىز- ما) يادىكارلىقلاردىن ئىككى پارچىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر پارچىسى قەغەزگە سىزىلغان، بۇ رەسىم ئەينى دەۋردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئاستانىدىن، يەنى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان.

تۆۋەندىكى رەسىم ھازىر بېرلىن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئا- ساسلانغاندا، بۇ رەسىم ئەسلىدە كىتابقا قىستۇرما قىلىنغان ئىكەن. كىتابقا قىستۇرما قىلىنغان رەسىمدە قىزىل سايۋا ئۈزۈمىنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، يەنى مانى دىنى راھىبلىرىنىڭ مەي باغلاپ پىشقان قىزىل سايۋا ئۈزۈمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ پائالىيەت بېرىشى ھەرگىزمۇ شۇنداقلا سىزىپ قويۇلغان رەسىم بولمىسا كېرەك.

تۇرپان قىزىل سايۋا ئۈزۈمى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان رەسىمنىڭ يەنە بىر پارچىسى تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىگە سىزىلغان تام رەسىمىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدىكى رەسىمگە دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، ھەرخىل كىيىنگەن، ھەرخىل قىياپەتتىكى كىشىلەرنىڭ قىزىل سايۋا ئۈزۈم بارىگىنىڭ ئاستىدا دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ رەسىم نېمە ئۈچۈن باشقا بىر ئورۇندا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان قىلىنىپ سىزىلماي، مەي باغلاپ پىشقان قىزىل سايۋا ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈم بارىگى ئاستىدا تۇرۇپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان ھالەتتە سىزىلىدۇ؟


ياپونىيىلىك مورياسۇتاكائو ئەپەندى بۇ ئىككى پارچە رەسىمنى تەتقىق قىلغان ھەمدە «كىشىلەر قىزىل سايۋا ئۈزۈمىنىڭ پىشقان مېۋىسىنى ھۆل پېتى يېسىمۇ، يوپۇرمىقىنى، گۈلىنى ياكى ئۇرۇقىنى يېسىمۇ، قىزىل سايۋا ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن ۋايىن (ئۈزۈم ھارىقى)



بۇ رەسىم موررىياسۇتاكائۇ نەشرگە تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، ياپونىيە «ئوساكا ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 31 ـ، 32 ـ قوشما سانىدىن ئېلىندى.

نى ئىچىمۇ ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۆچ ـ قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتىدىغانلىقىنى»⑥، بۇ قىزىل سايۋا ئۈزۈمنىڭ «ھاياتلىق دەرىخى»⑦ دېيىلىدىغانلىقىنى تېپىپ چىققان.

مەن «ھاياتلىق دەرىخى ھەققىدە» سەرلەۋھەلىك ماقالە يېزىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىغا ئېلىپ بارغان ئىدىم. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى پەرىدە ئەمىن خانىم



بۇ رەسىم موريياسۇتاكائۇ نەشرگە تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، ياپونىيە «ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 31ـ، 32 ـ قوشما سانىدىن ئېلىندى.

ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن، ماڭا «تۇرپان قىزىل سايۋا ئۈزۈمى بىر ئالاھىدە سورت ئىكەن، ئىمكانىيەت يار بەرسە، قىزىل سايۋا ئۈزۈم ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بارغىلى بولارمۇ؟» دېگەن سوئالنى قويدى. مەن پەرىدە خانىمنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن قىزىل سايۋا ئۈزۈم توغرىسىدا يەنە قانداق تەتقىقاتلار بارلىقىنى، خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان يەنە قانداق رېتسېپلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە، بىر ياقتىن داۋاملىق ماتېرىيال ئىزدىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن پىچان تەرەپكە بېرىپ قىزىل سايۋا ئۈزۈم توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنۇمگە ئېرىشتىم. تۆۋەندە شۇلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچىمەن.

بىرىنچى، «ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشقا تېگىشلىك بولغان كىتاب» ناملىق كىتابتا: «ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاچ قورساققا قىزىل سايۋا ئۈزۈمنىڭ قۇرۇقىدىن 21 تالدىن يەپ بەرسە ئادەمنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ»⑧ دېيىلگەن.

ئىككىنچى، ياڭخې كەنت غوجامئالدى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق سېتىنىياز ھېۋزۇللا دېگەن ئادەم مۇنداق دەپ بەردى: «ئىلگىرى خاڭدا ئىشلىگەن ئادەملەر زەئىپلىشىپ كەتسە،

ئۇلارنى بىر مەزگىل قىزىل سايۋا ئۈزۈم بىلەن باقسا سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلەتتى». يەنە شۇ ئادەم باشقا - باشقا ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان تۆۋەندىكىدەك گەپلەرنىمۇ دەپ بەردى: «بىر كۈنى ئۆيدە ئىدىم. بىر يېقىنىمىز ئىزلەپ كەلدى. ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. شۇ ئەسنادا يەنە بىر تونۇشىمىز كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، ھېلىقى تونۇشىمىز ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر مەسلىھەت ئىشى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇ تونۇشۇپ مېنىڭ ئوغلۇم ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىش يېشىغا يېتىپ قالغان ئىدى، ئۆيلەپ قوياي دېسەم، ئاجىزلىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ، دېدى. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى يېقىنىمىز: 〈بۇنىڭ غەم قىلغۇچىلىقى يوق، قىزىل سايۋا ئۈزۈم بىلەن بىر مەزگىل باقسا ئوڭشۇلۇپ كېتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى قىزىل سايۋا ئۈزۈمنى ئۈرۈقى بىلەن قوشۇپ يېسۇن〉 دېدى».

ئۈچىنچى، پىچان ناھىيە چىقتىم بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئابلىكىم ئابدۇراھمان مۇنداق دەپ بەردى: «دادام ئابدۇللا ئانار (يەنى ئابلىكىم ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى دېمەكچى — ئا) 103 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا تاغدا چارۋىچىلىق رايونىدا تۇرمۇش كۆچۈرگەن. ئادەتتە تاماق تاللاپ كەتمەيتتى، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا كەچتە قىزىل سايۋا ئۈزۈمنىڭ قۇرۇقىنى ياڭاق مېغىزى بىلەن قوشۇپ، قارا چاي بىلەن ئىستېمال قىلاتتى».

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن قىزىل سايۋا ئۈزۈم ھەققىدىكى رەسىملەر ھەم ئۇ رەسىملەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلگەن تەتقىقاتلار بىلەن كېيىن ئىگىلەنگەن مەلۇماتلارنى بىرلەشتۈرسەك، تۇرپان قىزىل سايۋا ئۈزۈمىنىڭ ھەققەتەن كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالغىلى بولىدۇ.

مەن قىزىل سايۋا ئۈزۈم توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەش جەريانىدا، قىزىل سايۋا ئۈزۈم ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، قىزىل سايۋا ئۈزۈمىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن چېپىۋېتىلىپ، ئورنىغا كىشمىش ئۈزۈم قاتارلىق باشقا سورتتىكى ئۈزۈملەرنىڭ تىكىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدىم. شۇنداق بولىۋەرسە، يېقىن كەلگۈسىدە تۇرپان قىزىل سايۋا ئۈزۈمىنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟! مەن چوڭلاردىن «شېكەرنى سېتىپ پۇلىغا نېمە ئېلىپ يەيسەن؟»، «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، بايقىمىساڭ نېمە پايدا» دېگەنگە ئوخشاش چوڭقۇر مەنىلىك، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى ئۆگەنگەن ئىدىم. بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، ئەجدادلىرىمىز مىڭ بىر جاپالاردا بىزگە يارىتىپ بەرگەن «مېھرىگىياھ» قىزىل سايۋا ئۈزۈمنى كېڭەيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى يوقىتىۋېتىش گىردابىغا ئاپىرىپ قويۇش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بىز ئەجدادلىرىمىزغا، ئەۋلادلىرىمىزغا قانداق جاۋاب بەرمەكچى؟ بىز يەنە نېمە ئىزدىمەكچى؟

ئىزاھاتلار:

① جۇڭگو - ئامېرىكا بىرلەشمە تۈزۈش، تەھرىرلەش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 - يىلى 1 - ئايدا نەشر قىلىنغان «قىسقىچە بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 6 - توم، 520 - بېتىگە قارالسۇن.

②⑤ نۇرنىسا قاسىم تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپە-

دىن 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «ئۇزۇمچىلىك» ناملىق كىتابنىڭ 7 ـ ۋە 130 ـ، 131 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

③ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ (خەنزۇچە) 2004 ـ يىللىق 1 ـ سانىنىڭ 30 ـ بېتىگە قارالسۇن.

④ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئۈزۈم بازىسى ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان «تۇرپان ئۈزۈمى» ناملىق كىتابقا قارالسۇن.

⑦⑥ موريياسۇتاكائو نەشرگە تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، ياپونىيە «ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 31 ـ، 32 ـ قوشما سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىغا قارالسۇن.

⑧ سۇلتان مەردانخان تەرىپىدىن يېزىلغان، 1898 ـ يىلى مارىدتا نەشر قىلىنغان «ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشقا تېگىشلىك بولغان كىتاب» (ئەرەبچە) ناملىق كىتابنىڭ 113 ـ بېتىگە قارالسۇن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، دوتسېنت)

# قاراخانىيلار ئەدەبىياتى ۋە تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشى

روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا)

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان مۇھەممەتتۇردى نىران

قاراخانىيلار ئەدەبىياتىدىكى ئىككى بۈيۈك نامايەندە مەدەنىيەت تارىخىدىكى يېگانە دەقىقىنىڭ مەھسۇلى، مەھمۇد كاشغەرى تەرىپىدىن تەخمىنەن 1077 - يىلى يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تۈركىي تىللار ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ يىرىك قامۇسى بولۇپ، ماقال - تەمسىل ۋە شېئىر - قوشاقلاردىن ئۈزۈندىلەر ئارقىلىق ئەرەب تىلىدا چۈشەندۈرۈلگەن ۋە روياپقا چىقىرىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن تەخمىنەن 1069 - يىلى يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» بولسا ئىككىلىك شەكلىدىكى دىداكتىك داستان.

مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلىمىدىكى تىل 8 - ئەسىردىكى «تۈرك - رۇنىك» يېزىقىدىكى ئابىدىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ تىل بۇد - نزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنىڭ، تۈرك ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئۇلىنى قۇرغان، كېيىنكى مەزگىللەردە «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ نام ئالغان شەرق تۈركىي ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ بەرق ئۇرۇشىغا سەۋەب بولغان، بۈگۈنكى كۈندىكى يېڭى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنغان تىل ئىدى. بۇ تىلدا يېزىلغان بۇ ئىككى بۈيۈك ئەسەر مەركىزىي ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تۈرك ئىسلام ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش بولىدىكى ئورۇنۇشلىرىنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

قاراخانىيلار تۈركلىرى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىسلام دىنىغا كۆچكەن. بىراق قاراقچىلىقنى كەسىپ قىلغان سالجۇقىيلارغا ۋە قۇللارچە ياشاشقا كۆنۈككەن غەزنەۋىيلەرگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، قاراخانىيلار تۈركلىرى ئۆز قاغانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئىزلىرىنى بويلاپ، ئىرانلارنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى دەپ خاراكتېرلەنگەن ئافراسىياپ - تۈركىي خەلقلەرنىڭ رىۋايەت - چۆچەكلىرىدىكى ئالپ ئەرتۇڭاغىنچىلىك بارغاندى. ئۇلار تۈركىي تىلنى بېيىتىپ، شۇنداقلا تۈرك يېزىقى دەپ ئاتالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى، ھەتتا ئەرەب يېزىقى بىلەن بىرلا ۋاقىتتىمۇ قوللانغان ئىدى.

11 - ئەسىرگە كەلگەندە ئىرانلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى تازا روناق تاپقان ئىدى. لېكىن تۈركىي خەلقلەردە بولسا بۇ مەدەنىيەت تېخى تەلتۆكۈس ئەۋج ئالمىغان ئىدى. قاراخانىيلار تۈركلىرى باشقا تۈركىي خەلقلەردىن پەرقلىنىپ سامانىيلارغا قارىغاندا بىر ئەسىر بۇرۇن ئىسلام دىنىدىكى تۈركلەر ئۈچۈن مەدەنىيەت جەھەتتە زور رول ئوينىدى. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئىرانلارغا قول بولغان غەزنەۋىيلەر ۋە سالجۇقىيلاردىن پەرقلەندى.

مەن بۇ يەردە «مەدەنىيەت» ئىبارىسى ئارقىلىق ئەدەبىياتقا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ دائىر-

دىكى مەنىنى ئىپادىلىمەكچى، يەنى ئەرەبچە تېرمىن «ئەدەپ» دەپ قوبۇل قىلىنغان مەنىنى يېشىپ ئىزاھلىماقچى. بۇ سۆز ئەسلىدە «ئۆرپ - ئادەت» دېگەن مەزمۇننى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «روھنىڭ يۈكسەك ماھىيىتى، ئېسىل تەربىيە، شەھەرلىشىش، كەمتەرلىك» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن، ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان بەدىۋىيلارنى بەدەۋىيلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە باشلاش، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى غەيرى ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش دېگەندەك مەدەنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر. ناھايىتى ئېنىق ئەقلىي ھۆكۈم بويىچە «ئەدەپ» سۆزى «شېئىرىيەتنىڭ بوسۇغىسى، نۇتۇق سەنئىتى، قەدىمكى زاماندىكى ئەرەبلەرنىڭ تارىخى ۋە قەبىلىۋى ئەنئەنىسى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك پەنلەردىن رىتورىكا، گىراماتىكا، لېكسىكولوگىيە، قاپىيەشۇناسلىق» قاتارلىقلارنىڭ ئاساسى بولغان غەيرى ئىسلام مەدەنىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. 9 - ئەسىردىكى ئابباسىيلار مەدەنىيىتى مەزگىلىدە بۇ ئۇقۇم تېخىمۇ كېڭىيىپ، غەيرى ئەرەب مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئىرانلارنىڭ ئېپوسلىرى ۋە بايانىي ئەدەبىياتى، ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى، شۇنداقلا ھىندى ھېكايىلىرى ۋە گرېك پەلسەپىسى قاتارلىقلارغىچە تۇتىشىپ باردى. ئاخىرىدا ئەدەبىياتتىكى نىسبەتەن تارراق چۈشەنچە قاتارىدا، «ئەدەپ» سۆزى ساپ ئەدەبىيات مەنىسىدە قوبۇل قىلىنىپ، بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىسلام دىنىدىكى بىر قىسىم خەلقلەرنىڭ تىلىدا «ئەدەبىيات» (Adabiyat) تىن ئىبارەت تېرمىنىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئىسلام دىنىنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە تارقىلىشىدىن كېلىپ چىققان «تۈركىي ئەدەپ» نىڭ بارلىققا كېلىشىدىن بىز ئەرەب ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەندىزىسى بولۇپ قالغان ئىرانىيلارچە ئەدەپتىكى ئۈچ يېرىك ئېلېمېنتنى كۆرۈۋالالايمىز. بىرىنچىسى، تىلنىڭ قوبۇل قىلىنىشى؛ ئىككىنچىسى، غەيرى ئەقلىنىڭ كۆپ تارقىلىشى؛ ئۈچىنچىسى، مىللىي ئەدەبىيات، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىدىكى ئىپتىخارلىق.

ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەرەب پەيلاسوپلىرى ئاساسلىقى دىنىي نۇقتىدىن ئەرەبچە ئاتالغۇلارنى توپلاش ۋە تارقىتىش، بولۇپمۇ جاھالىيەت شېئىرىيىتى ۋە ھېكمەتلىرىدە ئۇلارنى كۆپ ئىشلىتىش ۋە ساقلاپ قېلىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلغان. ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش غەيرى ئىسلام مەدەنىيىتى ياكى ئەدەپنى كەڭ ئاساستا ئىگە قىلىپلا قالماي، دىنىي پەن ياكى ئىلىم بىلەنمۇ تەمىنلىدى. بۇ بەلكىم ئىران مەدەنىيەت بەلبېغىدىكى گىراماتىكىلىق ۋە لېكسىكولوگىيىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ سۇسلىشىپ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. بۇ مەزگىلدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن بىز ئەسەدىنىڭ «لۇغەتى پارس» دېگەن ئەسىرىگىلا ئىگە بولالايمىز. بۇ ئەسەر ئاساسلىقى فىردەۋسى ۋە باشقا ئىران شائىرلىرىنىڭ چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆزلىرىگە ئىزاھ بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەن. شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، مەھمۇد كاشغەرى تىلشۇناسلىق بىلىملىرىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرگە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن جاۋاپ بەرگەن. بۇلارنىڭ بىرى بولسا، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كلاسسىك مەزگىلىدىكى ئەرەب فىلولوگلىرىنىڭ تەسىرىدە ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىگە يېقىن تۇرغانلىقىدۇر.

ئىرانلارنىڭ ئەدەب مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى ساسانىيلارنىڭ يۇقىرى قاتلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئىسلام مۇھىتقا ئۇيغۇن ھالدا تەرجىمە قىلىپ ئۆزلەشتۈرگىنى بولدى. ئىبن ئەل مۇستافانىڭ ئەمگەكلىرى بۇ يەردە تولىمۇ قەدىرلىكتۇر. شۇنداقتىمۇ يەنە

جامىزىنىڭ «كىتابى ئەت تاج»، مىسكاۋاھىنىڭ «جايىدان ھىرات» ناملىق ئەسەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەرەب ماقال - تەمسىللىرىگە ئىرانلار ئەندىزىسىنىڭ قېنىنى، شۇنداقلا ئەرەبلەرگە ئىرانلارنىڭ ئېپوسچىلىق ۋە تارىخىي تۇيغۇغا باي بولۇش ئەنئەنىسىنى سىڭدۈردى. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەرەب سالنامىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تۈز - تەمىنى تەڭشەپ باردى.

ئەرەبلەرنىڭ سامانىيلار ئارقىلىق شۇئۇبىيە ھەركىتى بىلەن شەھەرلىشىشكە قەدەم قويۇشى ئىرانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، بىراق ئىرانلارنىڭ ئەرەبلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىپتىخارلىق يېرى ئۇلارنىڭ «شاھنامە»سى بولدى. ئۇلار پارس تىلىدا يېزىلغان «شاھنامە»سى ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە يول ئاچتى. ئەل غەززالىمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پادىشاھلارغا ئاتاپ ئەقىل ئۆگىتىدىغان ئەسەرنى يازدى. لېكىن ئۇ بۇ ئەسىرىنى ئەرەب تىلىدا ئەمەس، پارس تىلىدا يېزىپ چىقتى.

تۈركلەرگە كەلسەك، تۈرك - ئەرەب مەدەنىيىتىنى يارىتىش يولىدا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى قارار قىلىش ئۈچۈن قاراخانىيلار ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىگە نەزەر سېلىپ باققىنىمىز تۈزۈك.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ كىرىش قىسمىدا مۇنداق دەپ ئېيتىدۇ: «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى ‹تۈرك› دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى. ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى. ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۆرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق...». ئۇندىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرى ھەدىستىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ» دەيدۇ. شۇنداقلا يەنە: «بۇ ھەدىس راست بولسا، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ بولىدۇ» دەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ بۇ بۈيۈك ئەسىرىنى خەلىپە ئەل مۇقتەدىگە ئارمىغان قىلدى. ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مېتودولوگىيىسىنى سۈرەتلىگىنىمىزدە، مەھمۇد كاشغەرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال- تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرى پارچىلار بىلەن بېزەپ ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئەسلىدە بۇ كىتابىمنى خەلىل ئىبنى ئەخمەت بەسرىنىڭ يولىدا تۈزۈپ چىقماقچى ئىدىم. .. تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆرگەن- بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرىدىن قايغۇلۇق ۋە خوشاللىق كۈنلىرىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك ماقال - تەمسىللىرىدىن مىساللار كەلتۈردۈم. تاكى بۇنىڭدىن پايدىلانغانلار كېيىنكىلەرگە يەتكۈزسۇن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر مۇنچە ئىبارىلەرنى كىرگۈزدۈم، شۇنداق قىلىپ بۇ كىتاب يېقىملىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتتى».

(داۋامى بار)

(قۇربان مۇھەممەتتۇردى نىران: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)

# نىزامى پەنجەسىگە ئۆرۈلگەن پەنجە

مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر، مۇھەممەت ئىبراھىمجان

ئىمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجەسىغە پەنجە ئۇرماق.
— نەۋائى

12 ـ ئەسىردىن باشلاپ شەرق ئەللىرى داستانچىلىقىدا مۇستەقىل ھالدا يېزىلغان بەش داستاندىن تەركىب تاپقان داستانلار توپلىمى «خەمسە» نامى بىلەن ئاتالغان. داڭلىق مۇتەپپەككۇرلار ۋە ئاتاقلىق شائىرلار «خەمسە» يېزىش ئارقىلىق شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىيەت دۇنياسىدىكى ئورنى ۋە يۇكسەك دەرىجىدىكى شېئىرىي ماھارىتى، تالانتى ۋە مول بىلىمىنى نامايان قىلىشقا ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «خەمسە» يېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىرى ساناقلىقلا ئىدى. چۈنكى «خەمسە» بۇ ساھەگە قەدەم باسقانلاردىن ئىنتايىن مول بولغان تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىلمىي ۋە شېئىرىي بىلىم تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە يۇكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي ماھارەت ۋە تەڭداشسىز تىل سەنئىتىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. «خەمسە» يېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ قىيىنلىقى خۇسۇسىدا نەۋائى مۇنداق دەپ يازغان:

ئىمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجەسىغە پەنجە ئۇرماق.
كىرەك شىر ئىلىدا ھەم شىر چەنگى،
ئەگەر شىر ئولماسا بارى پەلەنگى.
ئىكى پىل ئولسا خۇسرەۋ يا نىزامى،
ئىرۇر يۈز فىل چاغلىق پىل جامى.

«خەمسە» يازغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى ئۇستازى ئەزەربەيجاننىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە تالانتلىق شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1141 ـ 1203) «پەنج گەنج»ناملىق دۇنياغا مەشھۇر «خەمسە»نى يېزىپ، «خەمسە» يېزىشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ، شېئىرىيەت دۇنياسىدىكى زور بىر خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، «خەمسە» يازغۇچىلارنىڭ رەھنەماسى بولدى.

14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى (1253 ـ 1325) نىزامى يولىنى بويلاپ مېڭىپ «خەمسە» يېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن سىرت، باشقا ئەدىبلەرنىڭ قىزغىنلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بۇ ساھەدىكى ئورۇنۇشلىرى ئۇنچە نەتىجىلىك بولمىدى. بۇ ھەقتە نەۋائى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

نى پەنجە ئېرۇر، «خەمسە»نى گەنجەسەنج،
كى دانا قويۇبدۇر ئاتىن «پەنج گەنج».
كى ھەر كىم ئاڭا كۆرگۈزۈپ زور دەست،
چۇ زور ئەيلەبان ئىلكى تاپىب شكەست.

15 — ئەسىرگە كەلگەندە پارس — تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ئابدۇرەھمان جامى (1414 — 1492) «خەمسە»دىن ئاشۇرۇپ مۇستەقىل يەتتە داستاندىن تەركىب تاپقان مەشھۇر داستانلار توپلىمى «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە تەخت) نى يېزىپ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، شۆھرەت تاپتى ۋە بۇ ئەسىرى ئارقىلىق بۇ ساھەدە بۇسۇش ھاسىل قىلدى. بىراق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى پارس تىلىدا يېزىلغانىدى. چۈنكى ئەدەبىيات — سەنئەت، جۈملىدىن شېئىرىيەت ئىلمى جۇش ئۇرۇش راۋاجلىنىپ دۇنياۋى سەۋىيە يارىتىلغان ئەينى دەۋردە، پارس تىللىق مىللەتلەر ۋە رايونلاردىن يېتىشىپ چىققان ئىجادكارلار، شائىرلار ۋە مۇتەپەككۇرلارلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە رايونلاردىن يېتىشىپ چىققان ئالىم ۋە ئىجادكارلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى «گۈزەل تىل، شەكەر تىل، شېئىر تىلى» ۋە مەدھىيىلەنگەن پارس تىلىدا يازغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ھۈنەر تىلى» (پاساھەتسىز، قوپال تىل) دەپ كەمسىتىلىۋاتقان تۈركىي تىل (چاغاتاي تىلى) دا «خەمسە» يېزىش ئەمەس، بەلكى نۇقسانسىز ھالەتتىكى بىرەر پارچە غەزەل يېزىشمۇ «مۇمكىن ئەمەس» ئىدى. تۈركىي تىلنى كەمسىتكۈچىلەرگە قارشى ئانا تىلنى مەدھىيىلىگۈچى ئاز ساندىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى بولغان بۈيۈك ئالىم ۋە شائىر مەۋلانا نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501) يۇقىرىقى بىر تەرەپلىمە قاراشتىكىلەرگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق يازغانىدى:

سۆزۈڭنى ياخشى كۆرەرسەن ئۆزۈڭ،
كۆرۈنمەس يامان، چۈن ئېرۇر ئۆز سۆزۈڭ.
قاشىڭدا سىنىڭ گەرچە كۆپ ۋەزنى بار،
چۇ بار ئۆز سۆزۈڭ، يوق ئاڭا ئېتىبار.

مىسلىسىز دەرىجىدىكى بەدىئىي ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە، يۈكسەك دەرىجىدىكى شېئىرىي قابىلىيەت ۋە بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولغان كامالەت ئىگىسى، «نەۋائىي» تەخەللۇسى بىلەن تۈركىي تىلدا، «فانى» تەخەللۇسى بىلەن پارس تىلىدا بۈيۈك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ئىجادكارلار قوشۇنى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن «زۇللىسانەيىن» (قوش تىل ئىگىسى) دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ مەدھىيىلەنگەن مەۋلانا نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ئەللەر خەلقى ۋە ئاۋام پۇقرالارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىش بىلەن بىرگە، تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىغا ئوخشاشلا باي، گۈزەل، پاساھەتلىك ۋە جەزبىدار تىل ئىكەنلىكى، ئەنە شۇ تۈركىي تىل بايلىقىدىن پايدىلىنىپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكى، نادىر، يېتۈك ئەسەرلەرنى يېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قايسى تىلدا يېزىش بىلەن ئەمەس، مۇئەللىپنىڭ بىلىمى، سەۋىيىسى، ماھارىتى ۋە تىل بايلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە باغلىق

ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىجادىي ئەمگەك مىۋىسى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىش مەقسىتىدە، تۈركىي تىل بىلەن «خەمسە» يېزىش ئىرادىسىگە كەلدى ۋە جىددىي تۇتۇش قىلدى. بۇ خۇسۇستا شائىر مۇنداق دەپ يازغانىدى:

قەترە ئىچكۈنچە دەستىرەس ماڭا يوق،
غەير دەريا چېكەر ھەۋەس ماڭا يوق.
دېدىكىم، بۇ بىر ئىش ئىدى قىلغۇلۇق،
بۇ ئەيتىلمەغان نۇكتە ئەيتۇلغۇلۇق.
بۇ ئىش چۈنكى بولغاي مۇقەررەر ساڭا،
ئۇمىد ئۇلكى بولغاي مۇيەسسەر ساڭا.
دېسەم تەرك ئېتەي قويماين ھىممەتىم،
دېسەم زور ئېتەي يەتمەيىن قۇۋۋەتىم.
چۇ پەنجەمغە ھەسرەت بىلە باقىبان،
بۇ پەنجەمغە ئول پەنجەنى قاقىبان.
تۇتۇب جامىيۇ خۇسرەۋ ئىككى قولۇم،
نىزامى سارى باشلادىلار يولۇم.
ۋەلى مەن بولۇب گەرچە ئۆزدىن نىھان،
كىرىب ئىككى ئىلكىمگە ئىككى جەھان.

نەۋائى ئۇمۇر بويى توپلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە بۇرۇنقىلار ياراتقان «خەمسە»لەرنى پۇختا ئۆگىنىپ ۋە ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، ئابدۇرەھمان جامى بىلەن پىكىرلىشىپ ناھايىتى زور ئىلھام ۋە شىجائەت بىلەن «خەمسە» يېزىشقا تۇتۇندى. ئەنە شۇ دەۋر شارائىتىدا خۇددى جامى ئېيتقاندەك تۈركىي تىلدا «خەمسە» يېزىش نەۋائى ئۈچۈن ھەم پەرز ۋە ھەم قەرز بولۇپ قالغانىدى. يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە نەۋائى مۇنداق يازغان:

چۇن فارسى ئېردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئېردى ئاندا تۈركىي زەۋقى.
ئول تىل بىلە نەزم بولدى مەلفۇز،
كىم فارسى ئاڭلار ئۇلدى مەھزۇز.
مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھېكايەت.
كىم شۆھرەتى چۈن جەھانغە تولغاي،
تۈركى ئېلى داغى بەھرە ئالغاي.
فارسى ئۇلدى چۇ ئۇلارغە ئەدا،
تۈركى ئىلە قىلسام ئانى ئىبتىدا.
فارسى ئەل تاپتى چۇ خۇرسەندلىغ،
تۈركى داغى تاپسا بەرۇمەندلىغ.

يولداسا بۇ يولدا نىزامى يولۇم،
قولداسا خۇسرەۋ بىلە جامى قولۇم.

ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، پۇختا تەييارلىق كۆرگەن نەۋائى «خەمسە» يېزىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى تولۇق پىشىپ يېتىلدى، دەپ قاراپ قەلەم تەۋرىتىپ «خەمسە» يېزىشقا كىرىشتى ۋە 1473 ـ 1484 ـ يىللىرىدا ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر» دىن ئىبارەت بەش چوڭ داستاندىن تەركىب تاپقان «خەمسە» نى يېزىپ تاماملىدى.

نەۋائى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تۈركىي تىللىق «خەمسە» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ تاماملاپ ۋە ۋىجدانىي ھەم تارىخىي ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ تەڭداشسىز شۆھرەت تېپىپ، شېئىرىيەت دۇنياسىدا مىسلىسىز زىلزىلە پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن 500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن، شېئىرىيەت تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ۋە ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، شېئىرىيەت دۇنياسىدا نەۋائى پەنجەسىگە پەنجە ئورۇشقا جۈرئەت قىلالىغان بىرەر نامايەندە ياكى نەۋائى «خەمسە» سىگە ياندىشالىغان بىرەر نەمۇنە بارلىققا كەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز پەخىرلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق خۇلاسە چىقىرالايمىزكى، مەۋلانا نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائى پەقەت دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى شېئىرىيەت قەسرىنىڭ خانتاجى بولۇشقا مۇناسىپ «خەمسە» ياراتتىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىللىق ئەللەر ۋە مىللەتلەر شېئىرىيەت دۇنياسىدا مۆجىزە ياراتتى. بۇ خىل باھانى بۇندىن بەش ئەسىر بۇرۇن نەۋائى ئۆزىگە ئۆزى بېرىپ شۇنداق يازغانىدى:

نىزامى ئالسا بەردەئ بىرلەر گەنجە،
قەدەم رۇم ئەھلىغە ھەم قىلسا رەنجە.
چېكىپ خۇسرەۋ تاغى تىغى زەباننى،
يۇرۇب فەتىھ ئەيلەسە ھىندۇستاننى.
يەنە جامى ئەجەمدە ئۇرسا نەۋبەت،
ئەرەبدە داغى چالسا كوسى شەۋكەت.
ئەگەر بىر قەۋم گەر يۈز، يوقسە مىڭدۇر،
مۇئەييەن تۈرك ئۇلۇسى خۇد مېنىڭدۇر.
كۆڭۈل بەرمىش سۆزۈمگە تۈرك جان ھەم،
نە يالغۇز تۈرك، بەلكىم تۈركمان ھەم.

(مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر: ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن، مۇھەررىر
مۇھەممەت ئىبراھىمجان: خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە)

# ئەپسانە — رىۋايەتلەر

## يەر شارى ھەققىدە ئەپسانە

بىز ياشىغان بۇ زېمىن 18 مىڭ ئالەمنىڭ بىرى ئىمىش. ئىلاھ زېمىننى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئىككى ئۆكۈز ياراتقانىمىش. ھەر ئىككىلا ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى ناھايىتى يوغان ۋە كۈچلۈك ئىكەن. ئۆكۈزلەرنىڭ بىرسى زېمىننى كۆندۈزى كۆتۈرسە، بىرسى كېچىسى كۆتۈ-رىدىكەن. يەر تەۋرىگەن چاغلار ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى تېلىپ، پۇتلىرىنى مىدىرلىتىۋاتقان چاغلىرى، بوران چىقىۋاتقان چاغلار ئۆكۈزلەرنىڭ پۇشۇلداپ چوڭ تىنىۋاتقان چاغلىرى ئىكەن، يامغۇر ياغقان چاغلار بولسا ئۆكۈزنىڭ كۆزىدىن ياش قويۇلۇۋاتقان چاغلار ئىكەن.

## ئاي ھەققىدە ئەپسانە

ئەسلىدە قۇياش بىلەن ئاي ئىككىسى بىر - بىرىگە ئاشىق - بىقارارلاردىن ئىكەن. ئاي قۇياشنىڭ ئىشقىدا ئاھۇ - پەرياد چەكسە، قۇياشمۇ ئاينىڭ ئىشقىدا پۇچۇلىنىپ ھىجران ئوتلىرى ئاتەش بولۇپ كۆيىدىكەن. بىراق ھەر ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولغاچقا، بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي ئارمان بىلەن يۈرۈشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۆكەر يۇلتۇزنىڭ كۆڭلىدە قۇياشقا مۇھەببەت پەيدا بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ھۆكەر يۇلتۇزنىڭ مۇھەببىتى كۈچىيىپ چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپتۇ - دە، قۇياشقا چولپان يۇلتۇزنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. بىراق قۇياش ئۆز سۆيگۈنىنىڭ ئاي ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ھۆكەر يۇلتۇزنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماپتۇ. ئىشق دەردىدە يۈرىكى ئازابقا تولغان ھۆكەر يۇلتۇزنىڭ رەڭگى زەپىران بولۇپ نادامەتلەر چېكىپتۇ. قۇياش ھۆكەر يۇلتۇزنىڭ ئاھ - نادامەتلەر چېكىپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇ ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن چولپان يۇلتۇزغا:

— ھۆكەر يۇلتۇزغا ئۇۋال بولغۇدەك، مەن ئۇنىڭغا ئازراق كۆڭۈل بۆلەي، بىراق ۋىسالىغا يەتكۈزمەيمەن. چۈنكى مېنىڭ بىردىنبىر سۆيگىنىم ئايدۇر. شۇنداقتىمۇ ھۆكەر يۇلتۇزغا دېگىن، ئۇ ماڭا يېقىنراق يەرگە كېلىپ جامالىمنىڭ تەپتىدىن ئۆزىگە ئاراملىق تاپسۇن، — دەپتۇ.

ھۆكەر يۇلتۇز كۆڭلىگە باشقا بىر نىيەتنى پۈكۈپ، ھوشىنى يوقاتقان دىۋانە سۈپەتتە بىر ھاسا تاياققا تايىنىپ قۇياشقا يېقىن كەپتۇ. چاچلىرىنى يۇلۇپ پىغانلار چېكىپتۇ، يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ. ئاخىرى قۇياشنىڭ ھارارەت بەلبېغى ئەتراپىدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك بوپتۇ. قۇياشمۇ ئۇنى «ئۇخلىغان چېغى» دەپ ئويلاپتۇ.

بىراق يالغان ئۇيقۇغا بەنت بولغان ھۆكەر يۇلتۇز تۇن تەڭشەلگەندە قولىدىكى ھاسىنى قۇياشنىڭ يۈرىكىگە سانجىپتۇ. ھاسا تاياق كۆسەيدەك كۆيۈپتۇ - يۇ، قۇياش بۇ ئىشنى سەزمەپتۇ. ھاسا تاياق راسا چوغ بولغاندا ھۆكەر يۇلتۇز ئاستا قېچىپتۇ - دە، ئۇدۇل بارغانچە

شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان ئاينىڭ مۇبارەك چېھرىگە سانجىۋېتىپتۇ. ئاي چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، بىراق شۇنىڭدىن بېرى ئاينىڭ گۈزەل جامالىدا قارا داغ پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

## كۆك گۈمبەز ھەققىدىكى رىۋايەت

### 1

بۇرۇنقى زامانلاردا پەرغانە تەرەپتىن ھەببە ھەجەم ئىسىملىك بىر زات كېلىپ ھازىرقى ئېكساق كەنتىدە ئولتۇرۇپ قالغانىكەن. ئەسلىدىلا ئىقتىسادى جەھەتتىن «بېلى چىڭ» بۇ كىشى جازانىخورلۇق بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. ئۇ ئېكساق كەنتىدە ياشاش جەريانىدا ئەتراپىدىكى دېھقانلارغا ئاشلىق جازانە قىلىدىكەن، ئېرىشكەن بايلىقىغا يەر - زېمىن سېتىۋالىدىكەن. شۇڭلاشقا بۇ كەنت خەلقى ئۇنى ناھايىتى باي ھېسابلايدىكەن.

ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشلىق جازانىسىنى سوراپ قوشنىلاردىن بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قول ئىلكىدە بولمىغان بۇ دېھقان ھەببە ھەجەمگە كۆپ قېتىم ھال ئېيتىپ بىر مەزگىل سەۋر قىلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھەببە ھەجەم «ئەگەر ئاشۇ دېھقانىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان دەرد ئەھۋالى راست بولغۇدەك بولسا كۈندىلىك تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزىۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭ ھالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمايمۇ» دەپتۇ - دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ.

قوشنىسى ھەببە ھەجەمنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، ئالدىغا داستىخان ساپتۇ. بىراق پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كەلگىنى پەقەت ئىككى دانە زاغرا ۋە بىر دانە ئارپا نېنىلا بوپتۇ. ئۇ داستىخانغا قاراپ: «بۇلارنىڭ ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالاي دەپتۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆي ئىچىنى زەن قويۇپ كۆزىتىپتۇ. دېمىسىمۇ ئۆي ئىچىدە پۇلغا يارىغۇدەك ھېچقانداق مال - مۈلۈك، بىسات دېگەنلەر يوق ئىكەن. بىراق شۇ ئارىدا ئوچاقتىكى قازاندىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇرنىغا پىشقان گۆش ھىدى ئۇرۇلۇپتۇ. «ئېھتىمال گۆش پىشۇرۇۋاتقان چېغى، ئۇنى نەدىن تاپقاندۇ» دەپ ئويلاپتۇ ھەببە ھەجەم. ئۇ يەنە ئۆز كۆڭلىدە «گۆش تېخى پىشمىغان چېغى، قايتىپ كەتسەم ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن، ئازراق كۈتەيمۇ» دەپتۇ. ئۇ خېلى ئۇزاق كۈتۈپتۇ، ئالدىغا گۆش ئېلىپ كېلىنمەپتۇ. كەتمەكچى بوپتۇ، بىراق ئۆي ئىگىسى يەنىلا «گۆش يەپ ماڭمامسىز» دېمەپتۇ. بۇ ئىش ھەببە ھەجەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىپتۇ، تاكى ئۆيىگە قايتىپ ئۇخلاپ قالغۇچە قوشنىسىنىڭ «گۆش يەڭ» دېمىگەنلىكى ئۇنىڭغا ئەلەم بوپتۇ.

ھەببە ھەجەم شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ۋە مۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ: ئۇ ئاپئاق ئېھرام باغلىغان قىياپەت بىلەن ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بىر قەبرىستانلىق ئىچىدە تۇرغۇدەك، بىر گۈمبەز تاسادىپىي يېرىلىپ، ئىچىدىن بىر توپ يىلان، بىر توپ چايان چىقىپتۇدەك. يىلانلار ئۇنىڭ پۇتلىرىغا چەمەك سېلىپ يامىشىپتۇ، چايانلار ئۇنىڭ بارماقلىرىنى چىشلەۋاتقۇدەك، بىراق ئاغرىمىغۇدەك. شۇ ئەسنادا قەبرە ئىچىدىن ئاق پەرەنجىلىك بىر ساھىبجامال چىقىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچراتقان ھالدا:

— سەن دېگەن بىر جازانىخور! سەن باشقىلارنىڭ قان - تەرى بىلەن ياشاۋاتىسەن، سەن ئۆلىسەن. بىراق بۇ قەبرىستانلىققا يولىغۇچى بولما. بۇ قەبرىستانلىق سەندەك جازانى-

خورغا قۇچاق ئاچمايدۇ، — دەپلا كۆزدىن غايىب بولغانمىش.

ھەببە ھەجەم قارا باسقان ھالدا ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. چۈشىنى ئەسلەپ چاچلىرىنى يۇلۇپ داد - پەرياد قىلىپتۇ، ئۇزاق يىغلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئالدىنقى كۈنىسى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلمىغان قوشنا ئايال كىرىپتۇ. ھەببە ھەجەم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قوشنىسىنى كۆرپىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇزاق ئىززەت - ئىكراملاردىن كېيىن قوشنىسىدىن:

— تۈنۈگۈنكى قازاندىكى گۆشكە نېمە ۋەجىدىن مېنى تەكلىپ قىلغۇڭىز كەلمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قوشنا ئايال كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا:

— ھۆرمەتلىك تەقسىر، ئۆزلىرىگە ئۇ گۆشنى تەڭلىگىلى بولمايتتى، — دەپتۇ.

— ھارامىدى؟ — دەپتۇ ھەببە ھەجەم دەرھاللا.

— يوقسۇ، — دەپتۇ قوشنا ئايال، — ئاڭلىشىمىزچە، ئاز - تولا يېسە ھارام ئەمەسكەن-مىش.

— ئاپلا! — دەپتۇ ھەببە ھەجەم ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، — ئەسلىدە سىلەر ئىشەك گۆشى پۇشۇرۇۋاتقان ئىكەنسىلەر - دە!

— ئەسلىدە شۇنداق ئىدى، — دەپتۇ قوشنا ئايال بوزلاپ يىغلىغىنىچە.

— مەندى نېمىشقا ئاشلىق سورىمىدىڭلار؟ — دەپتۇ ھەببە ھەجەم ئەجەبلىنىپ.

— ئۆسۈمى ئارتىپ كېتىدىكەن، — دەپتۇ قوشنا ئايال ئىسەدەپ تۇرۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەببە ھەجەم تامامەن گاڭگىراپ، بېشى قېيىپ، ساراڭ بولايلا دەپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ جازانىخورلۇق ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالغان تۈپەيلى، خەلق-نىڭ ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

ئەتىسى جۈمە ئىكەن، ھەببە ھەجەم تاھارەت ئېلىپ جۈمە نامىزىغا ئېكساق جامەئەسىگە كىرىپتۇ. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەت ئالدىغا چىقىپ:

— مۆھتەرەم جامائەت، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا شۇنى ئېلان قىلايكى، بۈگۈندىن باشلاپ كىمدە ئېلىشىم بولسا ئېلىشتىن ۋاز كەچتىم، ئولتۇرغان ئۆيۈم ۋاپاتىمدىن كېيىن جامائەتنىڭ مۈلكى بولۇپ كەتسۇن. پۈتكۈل يەر - زېمىنىمنى ئېكساق كەنتىگە ۋەخپە قىلىۋەتتىم. بۈگۈندىن باشلاپ تاكى نەپسىم ئۈزۈلگىچە خۇدادىن گۇناھىمنى تىلەپ تائەت - ئىبادەت قىلغايمەن، — دەپتۇ.

2

ئاردىن مەلۇم يىللار ئۆتۈپ ھەببە ھەجەم ۋاپات بوپتۇ ھەمدە ئېكساقتا دەپنە قىلىنىپتۇ. كېيىنچە ئېكساق خەلقى مۇسابايۇفقا ئۇنىڭ قەبرە گۈمبىزىنى ياستىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. جامائەت مۇسابايۇف باشچىلىقىدا بۇ پەزىلەتلىك مۇساپىرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاقسۇ-دىن توپا ئەكەلدۈرۈپ، قەشقەردىن تۆگە بىلەن پىششىق خىش يۆتكەپ كېلىپ گۈمبەز بىنا قىلغانىكەن. گۈمبەز زەڭگەر رەڭلىك كاھىشلاردا زىننەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن كۆك گۈمبەز دەپ ئاتالغان. شۇ چاغلاردىن تاكى ھازىرغىچە خەلق ھەببە ھەجەم دەپنە قىلىنغان بۇ كۆك گۈمبەز ئەتراپىغا يىغىلىپ ئۇنىڭ نامىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان، قەسىدە ئوقۇيدىغان ئادىتىنى ئادا قىلىۋېتىپتۇ.

## مېۋىلەرنىڭ خىسلىتى ھەققىدە رىۋايەت

بىر پەرىشتە خۇدادىن سورىغانمىش:
— ئى خۇدا، مۇبادا سەن ئىنسانلارغا ئوخشاش ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق رىزقى - لوقما يەيدىغان بولسالڭ، نېمە يەيتتىڭ؟
خۇدا دېگەنمىش:
— ئەتتىگەنلىكىمگە شاپتۇل، چۈشلۈكىمگە ئۈزۈم، كەچلىكىمگە ئەنجۈر.
— كېسەل بولسالڭ؟
— ئانار.
— ھېرىپ چارچىسالڭ؟
— قوغۇن.
— ئۇسساپ كەتسەڭ؟
— تاۋۇز.
— ئۇيقۇڭ كەلسە؟
— جىگدە.
— ئوخلىيالمىساڭ؟
— چىلان.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەربىر مېۋە، كۆكتات مەلۇم كېسەلگە داۋامىش.

## بۆشۈك توغرىسىدا رىۋايەت

ئۇيغۇر پەرەنتلىرى تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بۆشۈككە بۆلىنىدۇ. دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن قەبرە بەئەينى بۆشۈك سىياقىدا ياسىلىدۇ، قەبرە گۈمبىزى ئۈستىگە يېپىنچا يېپىلغان بۆشۈكنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ جىنسىي پەرقىگە ئاساسەن، ئايال، قىزلار دەپنە قىلىنغان قەبرە ئۈستى بۆشۈك شەكلىدە ياسىلىدۇ، ئاستىدىكى بىرقانچە پەلەمپەيگە ئوخشايدىغان قەۋەتلەر سۈپرا، نوغۇچ، ئۆي ئىچى سېلىنچىسىدەك چۈشەنچىنى بېرىدۇ.
ئەرلەر دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنىڭ ئەڭ ئۈستى ئوخشاشلا بۆشۈك شەكلىدە، ئاستىدىكى پەقەت بىر ياكى ئىككى قەۋەت پەلەمپەي ئۇلارنىڭ جىنس پەرقىگە ئاساسەن ياسالغان بولۇپ، ئاياللارنىڭ قەبرىسىگە سېلىشتۇرغاندا قەۋەت سانى ئاز بولىدۇ. بۇ قەۋەتلەرنىڭ بىرسى ئۆي ئىچىدىكى سېلىنچا شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر قەۋەت ئىككى بولسا سېلىنچا (كىگىز) ئۈستىدە يەنە بىر قەۋەت كۆرپە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەر ھالدا مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، بەرىبىر قەبرە گۈمبىزى بۆشۈك سىياقىدا ياسىلىدۇ.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇندىن ناھايىتى بۇرۇن خان ئانىسى تۇركەن خاتۇن ئۆز ئوغلىنى كۆكتۆلدىكىدەك تەربىيىلەش ھەمدە ئۇنىڭ سەبىي ۋاقتىدا ئۆز ئاپىسىنىڭ ئېتىكىنى بىزەپ قىلىپ گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئوغلىنى بۆشۈككە بۆلەپ بېقىشنى نىيەت قىپتۇ. ئوردا ئۆلىمالىرى لايىھىلەپ كۆكتۆلدىكىدەك بىر ئالتۇن بۆشۈك ياسىتىپ بېرىپتۇ. تۇركەن خاتۇن ئالتۇن كۆكۈلىلىق ئوغلىنى ئالتۇن بۆشۈكتە ئىككى يىل بېقىپتۇ. ئوغلى كېيىنچە

لەشكىرىي ئىشلار، ئىلىم - ئېرپان جەھەتتە كامالەتكە يېتىپ ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئوغۇل ئون توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى جەڭدە ياردار بولغان شاھ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بوپتۇ. ئۇ دۆلەتنى ئوبدان باشقۇرۇپ خەلق ئېغىزىدا «ئادىل پادىشاھ» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ تاساددىپىي غازات ئۈستىدە ئوق (يا ئوقى) تېگىپ ۋاپات بوپتۇ. ئانا بولغۇچى تۈركەن خاتۇن چاچلىرىنى يۇلۇپ، پىغانلار چېكىپ، نادامەتلىك كۆز ياشلىرىنى دەريادەك ئاققۇزۇپ ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ياتقىنىچە يىغلاپتۇ.

باشقىلار ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئانا بىچارە ئۆز ئوغلىنى گىرەلىۋېلىپ دەپنە قىلىشقا بەرمەپتۇ. ئوردىدىكى ئاقىللاردىن بىرى «ئادىل پادىشاھ» نىڭ ئۈستىخىنىنى بىمالال سىغقۇدەك بىر كۆمۈش بۆشۈك ياساپ كەپتۇ - دە، تۈركەن خاتۇنغا:

— بولدى قىلسىلا خېنىم، ئوغۇللىرىنىڭ روھى ئارام ئالسۇن. مېنىڭچە خان ئالىيلىرى پاقلان ۋاقىتلىرىنى ئۆزلىرى ياستىپ بەرگەن ئالتۇن بۆشۈكتە ئۆتكۈزۈپ چوڭ بولغانىدى. ئۆزىمۇ بۆشۈككە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. خاننىڭ روھى ئۈچۈن مەن كۆمۈشتە بۆشۈك ياستىپ كەلدىم، بۆلەپ قويساقمىكىن، — دەپتۇ.

تۈركەن خاتۇن دەرھال ماقۇل كەپتۇ، بالا پادىشاھ كۆمۈش بۆشۈككە بۆلۈنۈپتۇ. تۈركەن خاتۇنمۇ ھېرىپ دەرمانى قالمىغان ھالدا سەل ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئالدىن مەسلىھەتى پىشقان نۇرغۇن كىشىلەر كۆمۈش بۆشۈك (جىنازا) نى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئاخىرى ئوردا سىرتىدىكى قەبرىستانلىققا بېرىپ گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كۆمۈش رەڭ بۆشۈكنى قويۇپ قويۇپتۇ. تۈركەن خاتۇن ھەر كۈنىسى دېگۈدەك قەبرە بېشىغا چىقىپ بۆشۈكنىڭ يايپۇچ پەردىسىنى قايرىپ ئوغلىنى كۆرۈپ قايتىشنى داۋام قىپتۇ. ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي «ئادىل پادىشاھ» نىڭ چىرايى ئۆزگىرىشكە باشلاپتۇ. قاراپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ رەڭگىنىڭ مۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۈركەن خاتۇنمۇ «ئاھ!» دەپ جان ئۈزۈپتۇ. ئوردا ئەھلى مەسلىھەتلىشىپ، بۆشۈكتە چوڭ بولغان شاھزادىنىمۇ، ئۇنى تەربىيەلەشتىكى پىداكار ئايال تۈركەن خاتۇنىنىمۇ كۆمۈش رەڭ بۆشۈككە سېلىپ قەبرىستانلىققا قويۇشنى ماقۇللىشىپتۇ. بىراق ھەر ئىككىلا بۆشۈك ئوخشاش بولۇپ قالسا پەرق ئېتىش قىيىن بولىدۇ، دەپ تۈركەن خاتۇننىڭ كۆمۈش رەڭ بۆشۈكنى كۆپ قەۋەتلىك پەنجىرىنىڭ ئۈستىگە، ئادىل پادىشاھنىڭ قەبرىسىنى بىر پەنجىرلىك قەبرە سۇپىسىنىڭ ئۈستىگە توختىتىپ، ئەتراپىغا ئارچا دەرىخى ئەھيا قىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ مۇسىبەت ئادەتلىرىنىڭ ئىچىدە ۋاپات بولغان كىشىنى بۆشۈك سىياقىدىكى جىنازىغا سېلىپ دەپنە قىلغاندىن كېيىن، قەبرە ئۈستىگە بۆشۈك سىياقىدىكى قەبرە گۈمبىزى ياساپ قويۇش ئادىتى بارلىققا كەپتۇ.

## قاپاق سائەت ھەققىدە رىۋايەت

كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدە «قاپاق سائەت» ئىجاد بولغانىكەن. گەرچە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ۋاقىت ئۆلچەيدىغان سائەتلەر تۈركۈملەپ ياسىلىپ، كاتتا تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق خەلق ئېغىزىدا «قاپاق سائەت» دېگەن بىر ئاتالغۇ تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە، كۆكتۈرك خانلىق تەۋەلىكىدىكى بىر يېزىدا پالەچ كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان

بىر بىمار ياشىغانىكەن، ئۇ ئۆز كېسىلىگە شىپالىق دورا ئىزدەپ بىر تېۋىپنى چاقىرتسا تېۋىپ ئۇنىڭغا بىر نەچچە بولاق دورا ياساپ بېرىپ: «كېچە ـ كۈندۈزنى ئون ئىككى ۋاقىتقا ئايرىپ، ھەر ئىككى ۋاقىتتا بىر قېتىم ئىستېمال قىلىسىڭىز بولىدۇ» دەپ قايتىپ كېتىپتۇ.

بىمار دورىسىنى تېۋىپنىڭ بۇيرۇغىنىدەك دەل ۋاقتىدا ئىچىش ئۈچۈن بىر كېچە، بىر كۈندۈزنى قانداق قىلىپ ئون ئىككى ۋاقىتقا ئايرىپ ھېسابلاش توغرىسىدا ئۇزاق باش قاتۇرۇپتۇ. بىراق خىيالىغا ھېچنېمە كەلمەپتۇ. ئۇ ئادەتتە چۈشكىچە ئۇيى ئىچىدە ياتىدىكەن، چۈشتىن كېيىن ھويلىسىدىكى كاۋا بارالىقىغا چىقىپ ياتىدىكەن. ئۇ ھويلىغا چىققاندىن كېيىنمۇ يەنىلا بىر سوتكىدىكى ئون ئىككى ۋاقىتنى قانداق قىلىپ ئايرىش ئۈستىدە ئۇزاق باش قاتۇرۇپتۇ. بىراق خىيالىغا ھېچنېمە كەلمەپتۇ. تاساددىپىي ھويلىدىكى دانلاپ يۈرگەن توخۇلا-ر بىر نېمىدىن ھۈركۈپ قاقاقلىغىنىچە كاۋا بارىڭى ئۈستىگە قونۇپتۇ. شۇ ئەسنادا كاۋا بارىڭى ئۈستىدىكى ئۆزى ئۆنۈپ قالغان بىر دانە قاپاق بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ بىمارنىڭ ئالدىغا توككىدە چۈشۈپتۇ. بىمار ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققىچە قاپاققا سىنچىلاپ قاراپ، بىردەمدىن كېيىن ھاياجە-نىنى باسالماي:

— تاپتىم، تاپتىم، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىچە ئىككى تەرىپى ئالمىدەك پولتايغان، ئوتتۇرىسى خورازنىڭ بويىندىكى ئىنچىكە بۇ قاپاق ۋاقىت ئۆلچەشكە ئىنتايىن باب كېلىدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىمار پەم بىلەن قاپاقتىن تۆشۈك ئېچىپ، ئادالاپ ئۇنىڭ ئىچىگە قۇم قاچىلاپ كاۋا بارىڭىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. قاپاقنىڭ بىر تەرىپىدىكى قۇم سىرقىراپ يەنە بىر تەرىپىگە چۈشۈشكە باشلاپتۇ. قۇم چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن قاپاقنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ قاپاقنى بىر كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك ئاشۇ ھالەتتە ھەرىكەتلەندۇرگەنىكەن، قۇم ئون ئۈچ قېتىم چۈشۈپتۇ. ئۇ قۇمنى ئون ئۈچكە بۆلۈپ بىر ئۈلۈشنى تۆكىۋېتىپ قالغان ئون ئىككى ئۈلۈشنى قاپاق ئىچىگە قاچىلاپ يەنە باراڭغا ئېسىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قاپاق بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئون ئىككى قېتىم ئۆرۈلىدىغان بوپتۇ.

بۇ خىل ۋاقىت ھېسابلاش بىمارنىڭ دورا يېيىشى ئۈچۈن ئىنتايىن باب كەپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان خەلق ئارىسىدا قاپاق سائەت بارلىققا كەپتۇ.

توپلاپ، رەتلىگۈچى: مۇستاپا مۇھەممەت

(مۇستاپا مۇھەممەت: ئاتۇش شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنىڭ مىللىيلىكى ھەققىدە

— ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ھەققىدىكى بىر كلاسسىك شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئويلار

**مۇختار مەتقۇربان**

ئۇسسۇل دېمەك ھەرىكەتچان ھالەتتە شەكىل ھاسىل قىلىدىغان، زامان، ماكان خاراكتېرلىق ھېسسىيات ئىپادىلەيدىغان، ئويۇن كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى بەدەن سەنئىتىدۇر. ئۇ مۇئەييەن مۇزىكا ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، ئۇسسۇلچى بەدىنىنىڭ كۆرۈنۈشلۈك، قىياپەتلىك، ھېسسىياتلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، كىشىلەردە كۈچلۈك قوشما تەسەۋۋۇر ۋە ئېستېتىك تەسىر قوزغايدۇ.

ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى، كۆپ دەۋرلىك تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلدى. بۇ سەنئەت ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش قىسمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، خەلقىمىز بىلەن قان بىلەن گۆشتەك بىر گەۋدە ۋە تەقدىرداش بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىپادىلەش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان شامانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرى ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مۇشۇ ئاساستا ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئۇيغۇرلار ئۇسسۇل سەنئىتىدە يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى تارىخىدا بارلىققا كەلتۈرگەن مول تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەنە ئۆز دەۋرىدىكى ئىران، ئەرەب، مىسىر ۋە يۇنان قاتارلىق جايلاردا بارلىققا كەلگەن ئۇسسۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. شۇڭا، ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بارغانلا يەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە چەت ئەللەرنىڭ يازما مەنبەلىرىدە تۈرلۈك خاتىرىلەر، تەرىپلەشلەر ۋە قىزغىن مەدھىيىلەر ساقلانغان. مەن ئۇلارنى بۇ يەردە بىر بىرلەپ مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرماي، بۇ ئىشنى مۇشۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قالدۇرىمەن. بۇ يەردە مەن پەقەت 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەكەندە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن كلاسسىك شائىرىمىز خوجا سىددىق فۇتۇھىنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ھەققىدە يازغان بىر پارچە غەزىلىنى ئوقۇپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى بۇ شېئىردا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ 18 - ئەسىردىكى ھەرىكەت ھالىتى، بەدىئىي سەۋىيىسى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى، ئۇسسۇلچىنىڭ شوخ، چېۋەر، چاققان ۋە گۈزەل ئورۇنداش ماھارىتى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەنگەن. شۇنداقلا شائىرنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتى، قىزغىن ئىشتىياقى، يۇقىرى باھاسى، خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئۇسسۇلىغا بولغان ئاجايىپ مەپتۇنلۇقى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەنگەن. شائىر ئۇيغۇر ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەش بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى،

سۈبيېكتىپ باھاسىنى بىلدۈرۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاجايىپ تەسىرچان بەدىئىي ئۇنۇم ياراتقان. بۇ غەزەل «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 2 - سان 33-، 34 - بەتلەردە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

*جىلۋە ئەيلەپ بەزمە ئىچرە بەرقەدەك پەرران ئۇسسۇل،*
*كۆڭلۈمە ئۆتەر، نەيلەگەيمەن، ئاپەتى دەۋران ئۇسسۇل.*
*ئىلكەرى ساپچىپ، كېيىن يانچىپ ئىران ئەتكەن چاغى،*
*كەبىكى ئىلە تاۋۇسنى ئەيلەر بەسى ھەيران ئۇسسۇل.*
*قول سالىپ، ئىلكىن چېكىپ، ساپچىپ ماڭلىپ، يار تارتىبان،*
*تىيرى ئىشقىن كۆكرەكىمدىن ئۆتكەرۇر پەرران ئۇسسۇل.*
*چەۋرۈلۈپ ھەۋۋالە يەڭلىغ مەجلىس ئىچرە ھەر تەرەپ،*
*جانغە ئوت ياقىپ، قىلۇر كۆڭلۈمنى سەرگەردان ئۇسسۇل.*
*گۈل مەسەللىك گۈل چاغى گۈلگۈن يانىپ گۈلشەن ئارا،*
*ئەيلەدى كۆڭلۈم قۇشىن بۇلبۇل كەبى نالان ئۇسسۇل.*
*خەستەئى مەھزۇن كۆڭۈلگە بۇ ئۇسسۇل نى ياقماغاي،*
*ئاتەشىن ئىشقىن بارى ئەل كۆڭلىگە ياققان ئۇسسۇل.*
*سايغالىپ بىر قول كۆتەرمەي بار ئۇسسۇلچىلار قاچار،*
*كۆرمەگەي ئالەم ئېلى مۇنداغ يەنە چاققان ئۇسسۇل.*
*گەر ئاياغىغە باشىن قويسە نى تالىڭ رەققاسلار،*
*رەقس شەھرىگە ئېرۇر بىشۇبھە ئول سۇلتان ئۇسسۇل.*
*بۇ ئۇسسۇل ۋەسفىنى تىل بىرلە نېچۈك ئەيلەي ئەدا،*
*بىر ئاياغ ئورنىچە يەردە يۈزچە ئايلانغان ئۇسسۇل.*
*ئەيلەدىم بۇ بىر ئۇسسۇل ئىسمىن ئۇسسۇل، ئەي دوستلار،*
*نېكەكىم بىر شوخنىڭ بولماس بۇ رەڭ سامان ئۇسسۇل.*
*بۇ ئۇسسۇل نەززارەسى بىھەددۇ بىپايان ئىمىش،*
*يا دەب ئېيھسان ئەيلەگىل بىھەددۇ بىپايان ئۇسسۇل.*
*بۇ ئۇسسۇل مۇھتاجىنىڭ مۇھتاجى بولساڭ فەخر بىل،*
*ئەي فۇتۇھى، بۇ ئۇسسۇل ئېرمىش شەھى شاھان ئۇسسۇل.*

[ يەشمىسى:

قانداق قىلاي، بەزمە ئىچىدە چاقماقتەك تېز ھەرىكەتلەنگەن ئۇسسۇل دەۋر ئاپىتىدەك كۆڭلۈمنى كۆيدۈرمەكتە.

ئىلگىرى چاپچىپ، كېيىنگە يانچىپ مېڭىشقا باشلىغان چاغدا بۇ ئۇسسۇل كەكلىك بىلەن توزنىمۇ ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ.

قول سېلىپ، چاۋاك چېلىپ، چاپچىپ مېڭىپ، «يار ...» دەپ توۋلاپ، بۇ ئۇسسۇل ئىشق ئوقلىرىنى كۆكرىكىمدىن تېشىپ ئۆتكۈزىۋېتىدۇ.

ئولتۇرۇشلاردا خۇددى چاقپەلەكتەك ھەر تەرەپكە چۆرگۈلۈپ، بۇ ئۇسسۇل جېنىمغا ئوت يېقىپ، كۆڭلۈمنى سەرگەردان قىلىدۇ.

بۇ ئۇسسۇل گۈل مەۋسۇمىدە گۈلشەندە گۈلدەك جۇلالىنىپ، كۆڭلۈم قۇشىنى بۇلبۇلدەك سايرىتىۋەتتى.

خەستە ۋە غەمكىن كۆڭۈلگە بۇ ئۇسسۇل قانداقمۇ خوشياقمىسۇن، ھەممە ئەلنىڭ كۆڭلىگە ئۇسسۇلنىڭ ئىشق ئوتى تۇتاشقان.

بارلىق ئۇسسۇلچىلار بۇ ئۇسسۇلنى كۆرگەندە، بىر قېتىممۇ قولىنى كۆتۈرەلمەي سالپىيىپ قېچىشىدۇ، ئالەم ئەھلى بۇنداق چاققان ئۇسسۇلدىن يەنە بىرنى كۆرمىگەن بولغىيدى.

بارلىق ئۇسسۇلچىلار ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويسا ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى بۇ ئۇسسۇل شۈبھىسىزكى، ئۇسسۇل شەھرىنىڭ سۇلتانىدۇر.

بىر ئاياغنىڭ ئورنىچىلىك يەردە يۈز قېتىمچە ئايلانغان. بۇ ئۇسسۇلنىڭ سۈپەتلىرىنى تىل بىلەن قانداقمۇ بايان قىلىپ تۈگەتكەي.

ئەي دوستلار، بۇ بىر ئۇسسۇلنىڭ نامىنى ئۇسسۇل دېدىم، بىر شوخنىڭ بۇنداق گۈزەل ئۇسسۇلى بولماي قالاتتىمۇ.

بۇ ئۇسسۇلغا نەزەر سېلىشنىڭ چەك - چېگرىسى يوق ئىكەن، ئەي تەڭرىم، بىزگە ھېسابسىز ۋە پايانسىز ئۇسسۇل ئاتا قىلغايسەن.

ئەي فۇتۇھى، سەن بۇ ئۇسسۇلغا موھتاجلارنىڭ موھتاجى بولساڭمۇ پەخىرلەن، چۈنكى بۇ ئۇسسۇل جىمى ئۇسسۇل شاھلىرىنىڭ پادىشاھىدۇر.]

مۇشۇ بىر غەزەلدىنلا مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ 18 - ئەسىردىكى شوخ، نازۇك، يېقىملىق، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە سىماسىنى كۆرەلەيمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىگە بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىنى ھېس قىلىمىز؛ مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ نەقەدەر باي، قەدىمىي ۋە يۇقىرى ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە سەنئەت مىراسلىرىنىڭ خەزىنىسى ئىكەنلىكىنى سېزىمىز.

شۇنداق ئىكەن، ھازىرقى ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرىمىز ئۆزىدە مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىگە نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببەت ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، مىللىي ئۇسسۇل بايلىقلىرىنى تىرىشىپ قېزىشى، مىللىيلىككە ئېتىبار بېرىشى، مىللىيلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا زامانىۋىيلىققا يۈزلىنىشى زۆرۈر. زامانىۋىيلىق دېگىنىمىز، باشقىلارنى قارىسىغىلا دوراش ياكى سەنئەتنى شالغۇتلاشتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس بەلكى مىللىي سەنئەتنى ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ساقلىغان ئاساستا زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بىزنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىمىز مىللىيلىكتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ ئۆزىنىڭ مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، يىلتىزىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇل - ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئاخىر بېرىپ ئۆزىنىڭ تاماشىبىنىدىن، ئىگە - چاقىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ئۇسسۇل كۈچلۈك مىللىي خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭ خاسلىقىنى قوغداش سەنئەتكارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. بولۇپمۇ ھەرقايسى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خاسلىقى ۋە مىللىيلىكىنى ھەرگىزمۇ چەتكە قاقماسلىقى كېرەك.

خەلق ئۇسسۇللىرى - مىللىي ئۇسسۇللارنىڭ يولىغا مانا مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ئالدى بىلەن ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي ئاڭ فورماتسىيەسىنى تولۇق چۈشىنىش، بۇ ھەقتە

ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇپ، ئۆزىدە ساپ بولغان مىللىي روھ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئىجادىيەتچىدىكى مىللىي روھ ۋە مىللىي غۇرۇر قانچە كامال تاپسا، ئۇنىڭ بېرىدىغان مېۋىلىرى شۇنچە تەملىك ۋە يېقىملىق بولىدۇ.

ئۇسسۇل سەنئىتى — تارىختىن مەنبە ئېلىشى، رېئال تۇرمۇشتىن ئەندىزە ئېلىش ۋە كىشىلەرنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى زامانىۋىلىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك.

ئىجادىيەتچى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ خەلق ئارىسىدىن سەنئەت بايلىقلىرىنى قېزىپ چىقىشى ھەمدە تارىخ ئۆگىنىشكە، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر. تارىخ ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆز مىللىتى ھەققىدە ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولغاندا ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، مىللىي خاسلىقنى نامايان قىلغان بولىدۇ.

ھازىر سەھنىلەرگە قارايدىغان بولساق، كىشىلەرنى خۇشال قىلىدىغان ياخشى ئۇسسۇل نومۇرلىرىمۇ بار، لېكىن ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدۇ. خەلقنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالايدىغان، ئاچقان يېرىگە بارىدىغان ئۇسسۇل نومۇرلىرى كۆپ ئەمەس. سەھنىدە ئۇسسۇل كۆپ بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە چويلىدا توختىغىدەكلىرىنىڭ بەك ئازلىقى ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. سەھنىلەردە ئوينىلىپ يۈرگەن ئاتالمىش «ئۇسسۇل» لار ئىچىدە نەسلى - نەسەبى ئېنىق بولمىغان غەلىتە تۈرلىمىلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇنداق نەرسىلەر كۆڭۈلنى غەش قىلىپ، كىشىنى بىزار قىلماقتا. كۆپلىگەن ئۇسسۇللار گەرچە زامانىۋىلىقنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ، دورامچىلىقنىڭ مەھسۇلى. ئۇنى ئىجادىيەت دېگىلى بولمايدۇ، سەنئەت دېگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ خىل ئۇسسۇللار مىللەت پسىخىكىسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرمىگەن بولغاچقا، ئۇنى خەلق ئامما قوبۇل قىلالمايدۇ. خەلق قوبۇل قىلالمىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى ۋە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش كۈچى يوق، دېگەن گەپ.

بىر مىللەتنىڭ ئۇسسۇلى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئىجادىيەتچىدە مىللەتنىڭ كىيىم سەنئىتى ۋە باشقا سەنئەت شەكىللىرى جەھەتتە ئېنىق تونۇش بولۇش زۆرۈر. سەھنە بولسا مىللەتنىڭ ئۆز خاسلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ۋە ئۆز - ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان ئورنى، مىللەتنىڭ بەزى مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ھازىرقى دەۋردە پەقەت سەھنىدىلا ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەھنىنى ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى قىلىپ بەرگەنلىك تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ.

سەھنىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، مىللىيلىك ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنىڭ جېنى.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە)

# كاتتا تەنتەنە، بۈيۈك ئابىدە

## — ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى شەرىپىگە ئاتالغان كاتتا يىغىلىش

### ئەخمەت مۆمىن تارىمى

ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىملىرىنى ياد ئېتىش، خاتىرىلەش، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ۋە ئىلمىي ھاياتىنى تەتقىق قىلىش مەدەنىيەتلىك ئەل ۋە خەلقنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس ئىشىدۇر ھەم ئىلىمگە، ئىلىم ئەھلىگە بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

2005 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان قەدىمىي شەھەر ئەزىزانە قەشقەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، بۈيۈك تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى داغدۇغىلىق ھەم تەنتەنىلىك ھالدا ئېچىلدى.

مەھمۇد كاشغەرى دۇنيا خەلقى ئېتىراپ قىلغان، 11 - ئەسىردە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى. ئۇ بىر ئۆمۈر ئىلىم - ئېرفان بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلىم تەتقىقاتىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۆمۈرلۈك ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن ئىبارەت بۇ ئۆلمەس، بۈيۈك ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىگە، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىر مەڭگۈ ئۆچمەس يېگانە گۆھەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۈيۈك قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مەزمۇن جەھەتتىن تولىمۇ كۆپ قىرلىق، ئۇنىۋېرسال، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىلىم، مەزمۇنلارنىڭ تېرەن ۋە كەڭلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ ئاللىقاچان «لۇغەت» سۆزىنىڭ ھازىرقى مەنىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تۈركىي (تىللىق) خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك قامۇسى، دۇنيا تىلشۇناسلىقىدىكى ئۇلۇغ ئەسەر، بۈيۈك ئابىدە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىننى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بىرلىكتە تەشكىللىگەن ۋە ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، يىغىنغا ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىن 150 كە يېقىن ئالىم - مۇتەخەسسىس قاتنىشىپ، 100 پارچىدىن ئارتۇق نادىر ئىلمىي ماقالىسىنى يىغىنغا سۇندى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىز ئابدۇرېھىم مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىن ئەھلى تىل - ئەدەبىيات، تارىخ - مەدەنىيەت، ماددىي مەدەنىيەت، ئۇنىۋېرسال تەتقىقات بويىچە تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ۋە قامۇس «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» نى چۆرىدەپ ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىشتى ھەم قەشقەردىكى مەشھۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى، مەنزىرىگاھلارنى، جۈملىدىن مەھمۇد كاشغەرى مازىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى كۈرەش مەخسۇت مۇھىم سۆز قىلدى، شۇنداقلا غازى ئەھمەد، ئىمىن ئەھمىدى، ئارسلان ئابدۇللا، مۇھەممەد سالىھ داموللا، سۇلتان مامۇت ئىبراھىم، ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى، ئىسرائىل يۈسۈپ، مەمەت ئەيسا، چېن گۇاڭيا، خۇاڭ جۇڭشىڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋاكالىتەن ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئاخىرىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىسىنى تەرجىمە، نەشر قىلىشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئىبراھىم مۇتئىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مىرسۇلتان ئوسمان، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق 21 ئالىم - مۇتەخەسسىس ۋە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى كاتتا تەقدىرلەندى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ۋە قامۇس «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە نۇقتىلىق قىلىپ مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

بىرىنچى، «دىۋان» نى بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك، يەنى «دىۋان» نى ھەرقايسى تارماق پەنلەر بويىچە تەتقىق قىلىشنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىشقا يۈزلەندۈرۈپ، «دىۋان» تەتقىقاتىنىڭ توغرا يۆنىلىشكە ۋە ھەقىقىي نەتىجىسىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، «دىۋان» دىن «چىقىش» ۋە «دىۋان» غا «كىرىش» نى تەڭ تۇتۇش كېرەك، يەنى نوقۇل «دىۋان» نىڭ ئۆزىنىلا تەتقىق قىلماي، بەلكى «دىۋان» دىكى ئۇچۇرلارنى تۇتقا قىلىپ، ئۇنىڭدا يورۇتۇلغان زامان ۋە ماكاننى ھازىرقى زامان ۋە ماكان بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىپ، بۇنىڭغا يەنە «دىۋان» دىكى مەلۇماتلاردىن ئىسپات - پاكىت تېپىش لازىم.

ئۈچىنچى، «دىۋان» دا بېرىلگەن مەلۇماتلار بىلەن ھازىرقى رېئال پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك. يەنى «دىۋان» دىكى تىل، مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى بىلەن ھازىرقى تىل - مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسچانلىق ۋە ئىزچىللىقنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق ئەنئەنىۋى تىل، مەدەنىيەتنى قوغداش، يات تىل، مەدەنىيەتكە ئېغىپ كېتىشنى توسۇش لازىم.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى ۋە ئەھمىيىتى شۇ بولدىكى، يىغىندا ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ۋە قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتىدىكى ئىلگىرىكى نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، تەجرىبىلەر خۇلاسىلىنىپ، كېيىنكى تەتقىقات نىشانى كۆرسىتىپ بېرىلىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ۋە بۈيۈك قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. قىسقىسى، بۇ كاتتا يىغىن زور داغدۇغا بىلەن باشلىنىپ، زور غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئۇلۇغ ئالىم، بۈيۈك تىلشۇناس، گىگانت ئىنسان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نۇرانە روھى مەڭگۈ ياشىغۇسى ۋە ئۇنىڭ شەرەپلىك يولىدا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئەجىر - مېھنەتلەر قىلىنغۇسى!

(ئەخمەت مۆمىن تارىمى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا، مۇھەررىر)

# «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولغايسىز!

## ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى رىشتە — «بۇلاق» ژۇرنىلى

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغان 26 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورى (ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى) نىڭ بىباھا خەزىنىسى سۈپىتىدە، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن ئېسىل مىراسلارنى، سەرخىل ئەسەرلەرنى قوتقۇزۇپ، رەتلەپ تونۇشتۇرۇپ ئىزچىل ھالدا خەلقىمىزنىڭ قەدىرلىشىگە، ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى ھەمدە دىيارىمىز ئىچى - سىرتى، ھەتتا خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكى تۇركلوگلار، ئۇيغۇرشۇناسلار بىرىنچى قول ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەتىۋارلىق ژۇرنالغا ئايلاندى. ژۇرنىلىمىز ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۆزىنىڭ ئۆپرىماس قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ئوقۇرمەنلىرى ئۆزلۈكسىز ئېشىپ باردى، ئالقىش ۋە مەدەتلەرگە داۋاملىق نائىل بولدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنىلىمىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان بارلىق ئىخلاسمەن ئاپتورلىرىمىزغا، ھېرىسمەن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئوتلۇق سالام يوللايمىز.

بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 - يىللىق سانلىرىدىن باشلاپ يەنە ئۇتۇقلىرىمىزدىن ئۆرنەك، سەۋەنلىكلىرىمىزدىن ساۋاق ئېلىپ، ژۇرنىلىمىزنى خەلقىمىز تېخىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، تۇركلوگلار، ئۇيغۇرشۇناسلار يەنىمۇ ئەتىۋارلايدىغان، ھەم قىممەتلىك ھەم تەسىركار ژۇرنالغا ئايلاندۇرۇشقا ئىشەنچىمىز، ئىخلاسىمىز ۋە غەيرىتىمىز كامىل. 2006 - يىللىق سانلىرىمىزدا يەنە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن»، «ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن»، «شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن»، «شەرق كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن»، «ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر»، «ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە تەتقىقاتى»، «ئارخېئولوگىيە، دىن ۋە فولكلور تەتقىقاتى»، «تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر پەلسەپىسى تەتقىقاتى»، «تىبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى»، «بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز»، «بىزدىكى ئەخلاق - پەزىلەت»، «بىزدىكى مائارىپ، تەنتەربىيە»، «بىزدىكى قانۇن ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرى»، «ئەجدادلار نەسىھىتى»، «مەشھۇر ئەسەرلەر»، «مەشھۇر شەخسلەر»، «مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلار»، «كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى»، «مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر»، «تارىختىن ئىزلار»، «دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە»، «ئۇچۇرلار» قاتارلىق سەھىپىلىرىمىز بويىچە نادىر، جەلپكار ئەسەرلەر تەپەككۇرىڭلار ۋە ھوزۇرۇڭلارغا سۇنۇلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان بىباھا مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ئوزۇقلىنىماي، ھوزۇر ۋە غورۇر ئالالمايدىكەنمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولغايسىز، قەدىردانلىرىڭىزغا تونۇشتۇرغايسىز.

ژۇرنىلىمىز پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108 - 58.
يەككە باھاسى: 6.50 يۈەن.
يېرىم يىللىق باھاسى: 19.50 يۈەن.
يىللىق باھاسى: 39 يۈەن.










源泉 (布拉克)(维吾尔文)总104期

بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي104-سان

BULAK A bimounthly Journal in Uighur Language

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号: CN65-1063/I
本刊代号: 58—108 定价: 6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号: Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى: 108—58. باھاسى: 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118